



لوپنۇرى ئېلكىتابلىرى
http://www.lopnuri.com



ئەزىزوپ قاسىم

# مارشال ئىلھامى



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

I 291.54
44
000753

ئەزىزوپ قاسىم

# مارشال ئىلھامى

مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجەك خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

新疆巴音郭楞蒙古自治州图书馆
XBT0087637

مەسئۇل كوررېكتور: ئىبراھىم مۇمىن


## مارشال ئىلھامى

•

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ 7220 - زاۋۇتتا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.375

1984 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10124·97

سانى: 1 — 5.200

باھاسى: 26 پۇڭ

## نەشرىياتتىن

مۇھتەرەم كىتاپخان:

قولىڭىزدىكى «مارشال ئىلھامى» ناملىق بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى يولداش ئەزىزوپ قاسىم (ئۈرۈمچى ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى) نىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گېزىت - ژورناللاردا مەزمۇن ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بىر مۇنچە شېئىر ۋە بەزى ئەدەبىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، كىتاپخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئاپتور 1956 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 7 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت بايرىمى كورىگىگە قاتنىشىپ، زاۋۇت، يېزا ۋە ھەربى قىسىملاردا ئېكىسكۇرسىيىدە بولغان ھەمدە مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان. ئارىدىن 27 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتور ئەينى ۋاقىتتا پېڭ دېخۇەي ئاقساقالنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان چاغدىكى تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ۋە بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ھەربى قىسىمنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم - تەربىيىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك تىللار ئارقىلىق چوڭقۇر بايان قىلغان.

كىتاپتا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىق، ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلار جانلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا بۇ كىتاپ كەڭ كىتاپخانلار، بولۇپمۇ ياش كىتاپخانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز پارتىيىنى، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان، ئۇلۇغۋار غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئىلىم، پەن - تېخنىكىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، گۈزەل ياشلىق باھارىنى ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلالايدىغان يارامىلىق ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىدا مۇئەييەن تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، شۇنداقلا ھەربىي تۇرمۇشنى چۈشىنىشتىمۇ ياردەمچىلىك رولى بار.

تاشلىدى جەڭگاھقا سەردار مەرت قەدەم، كوكرەك كېرىپ،
تاغ يېرىلدى جەڭدە، قەيسەر قالمىدى ئەسلا ھېرىپ.
قايتا قوزغىلار شەپەققە تاشلىسا جوتتىن بولۇت،
قىلدى پەرۋاز مىسلى بۈركۈت شۇم بۇلۇتلارنى يېرىپ.

«مەرتنى مەيداندا سىنا»، قاچقاندا نامەرت دالدىغا،
مەردۇ سەردار توھپىسىدىن كۆلدى دەۋرىم شاتلىنىپ.
مەرت كوكۆللەرگە قەدىرلىك ھەممىدىن مەردان چىۋەر،
دىل كوكەرگەي مەردى پالۋان روھىدىن ئىلھاملىنىپ.

# 1

1956 - يىل ئوكتەبىر. ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 7 يىللىقىنى تەبرىكلەش بايرىمىدىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرى خۇددى يېيىلغان توز قانىتىدەك ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىدى. ياغ توكۆلسە يالىغۇدەك پاك - پاكىز سۇپۇرۇلگەن ئازادە

كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل -
چېچەكلەر ھېلىلا ئاسماندىن چۈشكەن كۈمۈش رەڭ ئۈن-
چىلەرگە پۈركىنىپ، بۇ قەدىمىي شەھەرگە تېخىمۇ گۈزەل
ھوسۇن قوشقان ئىدى. شۇ تاپتا، ئىگىز بىنالاردا تۇرۇپ
شەھەرگە نەزەر تاشلىغاندا، دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كو-
تىرىپ تۇرغان سوتسيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختى
بېيجىڭ كۈنسېرى گۈللەپ ياشناۋاتقان ئانا ۋەتىنى -
جۇڭگونى قىزغىن سويىدىغان ھەربىر كىشىنى ئىچ - ئى-
چىدىن زوقلاندۇرماي قالمايتتى.

شۇ تاپتا بىر سائەت چامىسىدا ئاچچىق كوز ياش-
لىرىنى توككەن ئۆتكۈنچى بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كېتىۋاتـ-
قان مەيىن شامال تەنگە ھوزۇر بېغىشلاپ، خىيال كەپتە-
رىمنى يىراق- يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. زۇمرەتتەك سۈپ-
سۈزۈك ئاسماندىن تەرەپ - تەرەپكە قىزىل چوغ ئۇچقۇن-
لىرىدەك چېچىلغان قۇياش نۇرىدىن بەھىر ئېلىپ ئېچىل-
غان ھەر خىل پۇراقلىق گۈللەر ۋە پوتىلىرى ساڭگىلاپ
تۇرغان مەجنۇن تاللار خۇددى كەشتىلەنگەن رومالدەك
كەڭرى يېيىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئا-
زادە پايتەختكە ئالاھىدە زىننەت بېرىپ تۇراتتى. تەكشى
قىرقىلغان گىلەمگە ئوخشاش رەڭمۇ رەڭ چىمەنزارلىق-
لار يېقىملىق ئەركىلەپ، ساھىپجامال پەرىزاتتەك جىلۋە
قىلاتتى.

يىراقتا سوزۇلغان تاناپتەك كوچىلاردا قىسما -

قىسما ماشىنىلار بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئۈياق - بۇياق
ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، پايانسىز ئورماندەك تەرەپ - تەرەپتە
قەد كۆتىرىپ تۇرغان زاۋۇت تۇرخۇنلىرى، نەپىس سېلىن-
غان يېڭى ئىمارەتلەر، كىشىلەرنى ئىش - چېلىشقا چىل-
لاۋاتقان ياڭراق گۈدۈك ئاۋازلىرى ئۇچقاندەك ئالغا بېسىۋات-
قان يېڭى جۇڭگونىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، كىشى قەل-
بىدە سوتسىيالىزىمغا بولغان يۈكسەك مېھرى - مۇھەببەت
قوزغايتتى. گويا ئەتىلا توپى بولىدىغاندەك چىرايلىق
ياسىنىشىپ، رەت - رېتى بىلەن لەرزان قەدەم تاشلاپ
خۇشاللىق كۈلكىلىرىگە تولغان خۇش چاقچاق بىلەن ئۇ-
ياق - بۇياق ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ياش ئوغۇل - قىز-
لار، بېشىغا قوغدىنىش قالپاقلىرىنى كىيگەن، بېلىگە
كەمەر باغلاپ، يېنىغا ئامبۇر، كۈلۈچ، بولقىلارنى ئاسقان
تومۇر بىلەك ئىشچىلار؛ پاكىز ۋە سىپتا كىيىنگەن، قول-
لىرىدا ئورغاق - گۈرجەكلەرنى كۆتەرگەن ئەمگەكچان
دېخانلار؛ بوينىغا گالىستۇك تاقىغان، ئوشنىسىرىگە سوم-
كىلارنى ئاسقان ئوقۇغۇچىلار؛ زىيالىلار ۋە ئىشچى -
خىزمەتچىلەر خۇددى ئادەم دېڭىزىدەك زاۋۇت، مەكتەپ،
ئىدارە، دېخانچىلىق مەيدانى ۋە ئۆز ئىش ئورۇنلىرىغا
قاراپ مېڭىشماقتا ئىدى. ئېگىز ئىمارەتلەر، دەرۋازىلار
مەيدانلارغا قادالغان قىزىل بايراقلار ۋە يوللارغا توغ-
رىسىغا تارتىلغان لوزۇنكىلارنىڭ لەپىلدىشىدىن
چىققان لەرزان، يېقىملىق ئاۋازلار خۇددى

جەڭ دۇمبىغا تەگكەش قىلىنغاندەك، كوكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، چوققىغا قاراپ ئاتاكا قىلىۋاتقان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

پايتەختىمىز بېيجىڭنىڭ بۇ خىل سەلتەنەتلىك مەنزىرىسى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە زۇلۇم ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت زەنجىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرغان ئەمگەكچان خەلقىمىز ۋە يوقلۇقتىن بار لىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە قاراپ گىگانت قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىپ، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، ئىنقىلابىيلىشىش سەپىرىدە يېڭى شان-شەرەپ قوچۇۋاتقان ئۇلۇغ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 8-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا بولغان يۈكسەك سويگۇ-مۇھەببىتى بىلەن ئۇلۇغ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دولەت قۇرۇش يولىدا، ئىنتىپاقلىشىپ مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىگىنى يۈكسەلدۈرۈپ، دولەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، تېنچ-ئىناق، باياشات دولەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۈزنى ئۈنتۇغان ھالدا جاسارەت بىلەن يېڭى سەپەرگە ئاتلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 7 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتكۈ-

زۇلگەن دولەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ قەدىمىي ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىنى، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىنى، شايى ـ مەخمەل تاغلىرىنى، رەڭگا رەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بۈك ـ باراقسان باغلىرىنى، پارتىيىنىڭ شانلىق نۇرىنىڭ ئىلھامىدا كۈنسېرى ئۆرلەپ بېرىۋاتقان زاۋۇت ـ كانلىرىنى، يېڭىدىن ئاساس تىكلەپ، يىلمۇ ـ يىل مول ھوسۇل ئېلىۋاتقان مۇنبەت يېزىلىرىنى، كېچە ـ كۈندۈز ھوشيار تۇرۇپ پايتەختنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداۋاتقان ئەزىمەت قىسىملارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا، دولىتىمىز ئازات بولۇپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا بىر قەدەر زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ، ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ دېخانلارنىڭ پەلەكتىن ئاشقان غەيرىتى، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىم ـ خەتەردىن قورقماي، ھەربىي تېخنىكىنى پىششىق ئىگەللەپ، دۈشمەننى قىرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ بېرىۋاتقان جەڭچى، كادىرلارنىڭ جەڭگىۋار ئىرادىسى، جۇڭگو زېمىنىغا زەر ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزىدەك قالتىس ياراشقان بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسى مېنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى.

ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا، قۇرۇپ كەتكۈر كونا جەمىيەتتە بۇردا نانغا زار بولۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق

ئىچىدە دەرت - پەريات بىلەن ئۆتكەن جاپاكەش خەلق-
نىڭ بۈگۈنكى كۈندە سىياسى ۋە ئىقتىسادىي
جەھەتتىن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئوبدان تۇرمۇش-
قا ئېرىشكەنلىگىنى، يەنە كېلىپ بۇنداق تۇرمۇشنىڭ
كۈنسېرى گۈللەپ بېرىشىدىن ئۈمىت نۇرىنىڭ چاقناۋات-
قانلىغىنى كۆرگىنىمدە، خىيال كەپتىرىم كەڭ سامادا ئەر-
كىن قانات قېقىپ، ئەزىز ماكانىم شىنجاڭ ئاسمىنىدا
پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى - دە، چوڭقۇر ئىشەنچ ئىچىدە
تەپەككۇرۇمنى ئانا يۇرتۇمغا يۆتكىدىم.

«ئېھ، ئانا ماكانىم شىنجاڭ! يېرىڭ كەڭ، بايلىغىڭ
مول گۈزەل دىيارىم. سەنمۇ ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە، پۈتۈن
مەملىكىتىمىزدىكى يۈز مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلققە ئوخ-
شاش، ئەسىرلەر بويى توپەڭنى بېسىپ ياتقان قارا زۇل-
مەت تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈت - قولۇڭغا سېلىنغان
تۆمۈر كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازاتلىققا ئېرىشتىڭ.
سەن ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلدى، ئىقباللىڭ پارلاق»
دىگەنلەرنى خىياللىمدىن كەچۈرگىنىمدە، چېھرىمدە خۇشال-
لىق ھېسسىياتلىرى جىلۋە قىلىپ، ئۆزەمنى چەكسىز بەخت
ئىلكىدە سەزدىم. بىراق، شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرى-
دىكى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئايرىم جايلىرىدىكى
ئوتمۇش كونا جەمىيەتنىڭ داغلىرىدىن تېخى تولۇق قۇ-
تۇلۇپ كېتەلمىگەن شەھەر - بازارلارنى، يېزا - قىشلاق-

لارنى، يەنى تېخىچە قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن خالى بولالمايۋاتقان نامرات يېزىلارنى، شەھەر - بازار-لارنىڭ كوچىلىرىدا سۇدەك ئېقىپ يۈرگەن توپا - چاڭ-لارنى، سۇغا تەشنا بولۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئېتىز - ئېرىقلارنى، تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىنى ئوڭلاپ كېتەلمەي-ۋاتقان يوقسۇل دېخانلارنى، مەكتەپ سىرتىدا قېلىۋاتقان بىر قىسىم ئوسمۇرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلۈم بىئارام بولدى ۋە بۇ خىل ھالەتنىڭ مەنبەسىنى ئويلاپ: «ياق، بۇ خىل ھالەت لەنىتى كونا جەمىيەتنىڭ قالدۇر-غان جاراھەتلىرى، ۋاقىتلىق ئەھۋال. خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىققا ئېرىششى بىلەن تەڭ، مەملىكىتىمىز ئىچىدە كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلدى، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردىمىدە، يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى ۋە چۆۋر ئىككى قولىغا تايىنىپ، قالاقلىق، نامراتلىق ھالەتنى پات ئارىدا ئۆزگەرتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاج-لاندۇرۇپ، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۆيۈلتاشتەك ئىتتىپاقلاشقان، ماددى بايلىقى مول بولغان، شەھەر - يېزىلىرى بۇك - باراقسانلىققا چۆمگەن، ھەممە يەردە سوتسىيالىزمنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ

تۇرىدىغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىدۇ. بېيجىڭنىڭ بۇگۈنى شىنجاڭنىڭ ئەتىسى. شىنجاڭدىن ئۈمىت زور» دىگەن ھەسسىياتقا كەلدىم ـ دە، خىيال دېڭىزىدىن ئۈزەمنى يۇلۇۋېلىپ، ئالتىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىدىن ياتاق بولۇمىگە كىرىپ كەتتىم.

## 2

چۈشۈپ بالكون - پىشايۋاندىن كىرىپ كەلگەندە خانەمگە،
نىچۈنكىم شاتلىقىمدىن ئىز چىچەك تاقتى پىشانەمگە.

ئىشىكتىن كىردى بىر ھەربى، دەدى قۇتلۇق خەۋەر سىزگە،
سوزى پۈتمەي تۇرۇپ شۇ دەم خوشاللىق تولدى سىنەمگە.

بىلىڭ سىزگە تەۋەرۈك پەيت، پەقەت بىر ئاز ھايال ساقلاڭ،
خەۋەر كەلگىچە تاقەتنى تۇتالارسىزمۇ بىر دەمگە.

سوزىدە ئېيتمىدى ئەمما تەۋەرۈك پەيتكە ھىچ مەنا،
بىراق شاتلىق يېشى تولدى دەقىق ئۈتمەيلا چەشمەمگە.

ھەربى يولداش چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قەلبىمنى بىر خىل شاتلىق رىشتىسى چىرمىۋالغاندەك، نىمە قىلارىمنى بىلمەي، بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە،

20 كۆۋادرات مېتىرغا يەتمەيدىغان بۇ ياتاقتا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇياق بۇياق مېڭىشقا باشلىدىم.

„زادى قانداق „تەۋەرۈك پەيت، بولغىدى، ئۇچۇق ئېيتمىغىنىغا قارىغاندا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بولسا كېرەك. بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ھەربىي ئاكادېمىيىدە ئوقۇش توغرىلىق باش ئىشتاپقا يازغان ئىلتىماسىم ھەققىدە بىرەر خەۋەر بارمىدۇ - يا؟ ياق، ئۇ توغرىلىق بولسا يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى، ئوقۇش ئارزۇيىگىز ھەل بولدى ياكى تەشكىل كېيىنرەك ئويلىشىدىغان بولدى، دىسىلا بولمىدىمۇ.“

پۈتۈن كۆڭلۈم شاتلىق تۇيغۇسى ئارىلاش تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىپتىمەن. بىنا ئىچىدىكى قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشى بىلەنتەك، باشقا مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە تاماقخانىغا كىرىپ بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ زادى قانداق „تەۋەرۈك پەيت“ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلەر كاللامدىن نېرى كەتمىدى. ھاياجانلانغاندا غىزادىن قالىدىغان كونا ئادىتىم بۈگۈن يەنە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، تاماقتىن ئاز-تولا يېيىشىم بىلەنلا كېلىم غىققىدە سىقىلدى - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاق بولۇمىگە كىرىپ كەتتىم ۋە تاماقتىن ئىلگىرىكى پىكىر - خىيالىم داۋام ئېتىشكە باشلىدى. نىمە ئۈچۈندۇر چۈشتە

كوزۈمگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى. ھەر بىر مىنۇتنى سائەتتىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇۋاتقان بۇ چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى «تەۋەرۈك پەيت»نى زارىقىپ كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرىدا مېنىڭ زارىقىپ كۈتۈۋاتقىنىمنىڭ جەزمەن ئىنتايىن خوشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدىم ـ دە، باش ـ كوزلىرىمنى يۇيۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمنى ئېلىپ، يېڭى ـ يېڭى ھەربىي كىيىملىرىمنى كىيىپ، مۇشۇ بىرنەچچە سائەتتىن بۇيان مېنى تەلمۈرتۈۋاتقان «تەۋەرۈك پەيت»نى كۈتۈۋېلىشقا تەييار بولۇپ تۇردۇم.

ۋاقىت بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. چۈشتىن كېيىنكى خىزمەت ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى، تېخىچە بىرەر خەۋەر بولمىدى. تاقىتىم تاق بولۇپ، تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قارايمەن، تۇرۇپ دەرىزە يېنىغا بېرىپ پايتەختنىڭ چۈشتىن كېيىنكى مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلايمەن. پات ـ پاتلا سائىتىمگە قاراپ قويىمەن. مانا شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويۇپ كەتكەن ھېلىقى ھەربىي يولداش چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھالدا يەنە كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ تەييار بولدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى ۋە جاۋابىمدىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى، — دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

مەن ئۇ يولداشقا ئەگىشىپ تۆۋەنگە چۈشكەندە، بىر پىكاپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن پىكاپقا چىقتىم - دە، مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتۇق.

پىكاپ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ماڭا خېلى تونۇش بولۇپ قالغان كوچىلارنى بويلاپ 10 - 8 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن، تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى چيەنمېن دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلۇپ، ئىككى تەرىپى بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر ئۇزۇن كوچىغا كىردى. بېيجىڭغا كەلگەن 10 نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ كوچىلارنى كۆپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى كۆڭلۈمدە «تەۋەررۈك پەيت»كە تەقەززا بولۇشتىن ئىبارەت شىرىن ئارزۇ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىغى ئۈچۈنمۇ، بۇ كوچىلارما ماڭا ھېچقانداق يېڭىلىق ھېس قىلدۇرمىدى. كوچىلاردا ئادەم ۋە ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈگىدىن، مەن چۈشكەن پىكاپ سائىتىگە 30 - 20 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەنلا كېتىۋاتاتتى. شۇتاپتا بىز كېتىۋاتقان بۇ ئۇزۇن كوچا ئىككى قاسنىغىدىكى تەكشى ئۆسكەن سانسىز دەل - دەرەخلەر ۋە ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان خۇشبوي گۈللەرنىڭ پۇرىغى بىلەن مەن ئىلگىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق

كوچىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. پىكاپ بۇكوچىدا سانسىز دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئالاھەزەل 8 - 7 مىنۇتچە يۈرگەندىن كېيىن، قەدىمقى پوسۇندا ياسالغان، قىزىل سىرلىنىپ ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن چوڭ بىر دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا مەنزىلگە يەتكەن چېغىمىز، دەپ ئويلاپتىمەن، نەدىكىنى، كىچىك - كىچىك ئۇچاستكا قىلىپ ياسالغان گۈللۈكلەرنى بويلاپ، قېلىن ئورمانلىقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەينەكتەك سىمونت يولدا خېلى ئايلانغاندىن كېيىن، ئاددى، لېكىن كوركەم سېلىنغان بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

— كېلىپ قالدۇق، — دېدى مېنى باشلاپ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ھەربى يولداش خوش چىراي بىلەن، — «تەۋەرۈك پەيت»نى قىياس قىلالىدىڭىزمۇ؟

— خوشاللىق ھېسسىياتىمنى باسالمايۋاتىمەن، ئەمما بۇ خوشاللىقنىڭ چېكىگە يېتەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم مەن جاۋاپەن.

— بۇ، مارشال پېڭ دېخۇەيىنىڭ ئىشخانىسى، مارشال سىزنى قوبۇل قىلماقچى!

— مارشال سىزنى قوبۇل قىلماقچى، — دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ يېنىپ، كوزۇمدىن خوشاللىق ياشلىرى ئەگىدى. ھاياجانلانغىنىمدىن قاتتىق تەرگە چومۇلدۇم. دەرۋەقە

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدا تۇرۇۋاتـ
قان مەندەك بىر ئاددىي جەڭچىنىڭ پىرىك دېخۇەيدەك
دۇنياغا داڭلىق مارشالنىڭ قوبۇل قىلىشىغا
مۇيەسسەر بولالىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چەكسىز
ھاياجانغا سالىدىغان چوڭ ئىش - دە.

ئۆزەمنى بىر ئاز تۇختىتىۋېلىپ، باش - كۆزلىرىمـ
دىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ، قەددى - قامىتىمنى رۇسلاپ،
ھەربىي پورمامنى باشتىن - ئاياقىچە تۈزەشتۈرۈپ بولـ
غاندىن كېيىن، مېنى باشلاپ كەلگەن ھېلىقى يولداشنىڭ
ئارقىسىدىن مارشالنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم ۋە
راۋۇرۇس قەدەم تاشلاپ ئىشىكتىن كىرىپ ھەربىي قائىدە
بويىچە:

”چاقىرتىشىڭىز بويىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى
مۇستەقىل 3 - ئاتلىق پولك كوماندىرى ئەزىزوپ قاسىم
ئالدىڭىزدا تەييار،“ — دەپ دوكلات قىلدىم تۇردىكى شـ
رە ئالدىدا ھوججەت كۆرۈپ ئولتۇرغان مارشال
پىڭ دېخۇەيگە.

يولداش پىڭ دېخۇەي سالىمىمنى قوبۇل قىلغاندىن
كېيىن شىرە ئالدىدىن ئايرىلىپ ئالدىمغا كېلىپ، ئوڭ
قولۇمنى چىڭ سىققان پېتى، سول قولى بىلەن ئوڭ مۈـ
رەمنى تۇتۇپ يېتەكلەپ كېلىپ، سافاغا ئولتۇرغۇزدى.

بولۇپ مېھمانى مارشالنىڭ خوشاللىقا چومۇپ كەتتىم،
ئېرەلمەستىن سەۋر دىلغا گۆدەكلەردەك كۆلۈپ كەتتىم.

كېلىڭ! دەپ قىلسا ئۇ تەكلىپ، ھاياجاندا يۈرەك ئويناپ،
جاھاننىڭ بايرىمى ئۇيدە كورۈنگەندەك بولۇپ كەتتىم.

تۇرار ئالدىمدا مەردانە ئۇلۇغ سەردار - يولەنچۈك تاغ،
كورۇپ چېھرىنى شاتلىقنىڭ ھوزۇرىغا چوكۇپ كەتتىم.

مارشال پېڭ دېخۇەي كۆلۈمسىرەپ چىرايىمغا مېھرى-ۋان كوزلىرى بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۈستەل ئۈستىدىكى تاماكا قۇتىسىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ماڭا سۇندى. مەن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان تاماكا چېكىپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن مۇنداق داڭلىق رەھبەر ئالدىدا تاماكا چېكىشنى ئەدەپسىزلىك ھېس قىلىپ، ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم - دە:

— كەچۈرۈڭ، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دەپ ھوزۇر - خالىق ئېيتتىم.

— ياخشى، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — مىللىتىڭىز نېمە؟

— ئۇيغۇر.

— يۇرتىڭىز قەيەردىن؟

— ئەسلى يۇرتۇم ئاتۇشتىن.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 30 غا.

— ھەربى مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

— ئازاتلىقتىن بۇرۇن شېڭ شىسەي ئاچقان ھەربى مەكتەپ (كېيىن بۇ مەكتەپ مەركىزىي خۇاڭپۇ ھەربى مەك-

تىۋىنىڭ 9 - شوبە مەكتىۋى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ئاتلىق بولۇمىدە 3 يىل ئوقۇغان ئىدىم.

— ياخشى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىدىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن. ئارمىيىمىز نوۋەتتە ھەربىي مەكتەپلەردىن ئۆتكەن كادىرلارغا تازا مۇھتاج. ئۆتمۈش ئۇرۇش يىللىرىدا كادىرلىرىمىزغا مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتى كەم بولدى. نوۋەتتە، ئارمىيىمىزنى قۇدرەتلىك ئارمىيىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ئىلىم - پەننى ئىگەللىمەي بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك كادىرلارنىڭ ھەربىي مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. سىلەرنىڭ پولكتا نەچچە مىللەت بار؟

— 11 مىللەت بار.

— پولكىڭلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ ئائىلىسى ئىكەن - دە.

— شۇنداق.

— دولىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دولەت، 50 نەچچە مىللەت بار، بۇ بىر چوڭ ئائىلە. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئېغىر دەرىجىدە باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى،ھەتتا بەزى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق، ئورپ - ئادەتلىرىگە ھورمەت قىلىنمىدى ياكى ئۇلار ئېتىراپ قىلىنمىدى. كەمسىتىلدى، بوزەك قىلىندى. يېڭى جۇڭگونىڭ قەد كوتىرىشى بىلەن جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەر سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەت

جەھەتلەردە باراۋەرلىككە ئېرىشتى. پارتىيە مىللىي سىيا-
سىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى
مىللەتلەرمۇ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بول-
دى. ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۆز ئارا باراۋەر،
دوستانە بولغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق نىشان ئۈچۈن
كۈرەش قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت
ئورنىتىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ،
خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسى-
يالىزىم قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بول-
سا، بىزنىڭ بۇ ئىلىمىز چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ.

يولداش پېڭ دېخۇەي قىسىمىمىزدىكى ھەر مىللەت
كوماندىر - جەڭچىلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش،
ئورۇپ - ئادەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى سوراپ كورگەن-
دىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— بىزدە «ئىش ئوملۇكتە، كۈچ بىرلىكتە» دەي-
دىغان تەمسىل بار. سىزلەرنىڭكىدەك 11 مىللەتتىن تەر-
كىپ تاپقان كوپ مىللەتلىك قىسىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
غىنى كۈچەيتىپ، ھەممەيلەن بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقاندىلا
ھەرقانداق مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چى-
قالايدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىر جۇڭخۇا مىللىتى دىگەندە، سوت-
سىيالىزىم قۇرۇش يولىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە
ھەمكارلىشىپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان

50 نەچچە مىللەتتىن تەركىپ تاپقان قۇدرەتلىك كۈچنى كۆزدە تۇتىمىز. مىللى باراۋەرلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پىرىنسىپى. مەيلى كۆپ سانلىق مىللەت بولسۇن ياكى ئاز سانلىق مىللەت بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز تارىخى بار. مىللى مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە پۇرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش كېرەك. مىللى باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مىللى مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش — پۇرولېتارىيات سىياسى پارتىيىسىنىڭ مىللى پىروگراما ۋە مىللى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان ماركسىزملىق پىرىنسىپ، — دېدى ۋە ئالدىدا تۇرغان تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

مېنىڭ پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قىسىملاردا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ پائال يېتىشتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ كادىرلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقى ھەققىدىكى دوكلادىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇۋىشتا كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە كادىرلارغا تايىنىمىز، بۇلارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە بىزدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ناھايىتى كەمچىل. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى كۈرەش داۋامىدا ئۇلغايتىپ بېرىش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا يول قويۇپ، خىزمەتنى ئورتاق ياخشى ئىشلىشى لازىم. قىسمىلار قۇرۇلۇشىدا بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

ئۇ سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سوزىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشى تەرەپكە يوتكىدى.

مەن ئازاتلىقتىن كېيىنكى قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭدا ناھايىتى زور ئوزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىغىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۇنسېرى ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىغىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت شارائىتىنىڭمۇ خېلى دەرىجىدە ياخشىلانغانلىغىنى، لېكىن تارىخىي، ئىجتىمائىي، تەبىئىي شەرت - شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۇپەيلىدىن، بەزى جايلاردا ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىز بىرنەچچە كۇندىن بېرى ئېكىسكۇرسىيىدە بولغان رايونلاردىن بىر ئاز ئارقىدا ئى-

كەلگەنلىكىنى، لېكىن ئۇ يەرلەردىمۇ ئۈمىت بارلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

— توغرا دېدىڭىز. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، يوشۇرۇن كۈچ كۆپ. تەرەققىيات ئىستىقبالى زور. شىنجاڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي، كۆپ مىللەتلىك رايون. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ھەمدە تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، مىللىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلاندى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمۇ پەيدىن - پەي ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان ياردەمنى كۈچەيتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەن شىنجاڭ ئازات بولۇش ھارپىسىدا شىنجاڭغا بارغان ئىدىم. شىنجاڭ ياخشى جاي. شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقى باتۇر،

ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلق. بىز پەقەت پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى ھەقىقى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغانلا بولساق، شىنجاڭ چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىز خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى. ئارمىيىمىزنىڭ ھەربىر كوماندىر، جەڭچىسى ئارمىيە بىلەن ھوكۇمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە نەمۇنە بولۇشى كېرەك.

مارشال پېڭدېخۇەي ئالدىدىكى ئىستاكاندا تۇرغان چاينى بىر ئۇتلاپ قويغاندىن كېيىن، قىسمىمىزنىڭ ھەربى تەلىم ـ تەربىيە ئەھۋالىنى سوراپ كوردى.

ئۇكەملەردە قىسمىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، قىسمىمىز قۇرۇلغان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يۇقۇرىنىڭ زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، ئىنقىلاۋىيلىشىش تەلىۋى بويىچە، قىسىملارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەربى تەلىم ـ تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق خېلى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە بولغان ئىدۇق. كوماندىر، جەڭچىلەر تەشكىلىي ئىنتىزام، ئىچكى ـ تاشقى ئىتتىپاقلىق، ھەربى قىياپەت جەھەتلەردە ئاڭلىق ھالدا بىر يۈرۈش ياخشى ئىستىللارنى يېتىشتۇرگەن ئىدى، ئۇندىن باشقا، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ بوش ئارىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي

شىمال تەرىپىدىن ئەنچە مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىسمىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلىغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەر يىلى يۇقۇرىغا مەلۇم ساندا ئاشلىق تاپشۇراتتۇق. ئۇ چاغدا 5000 دەك قوي، 1000 دەك كالا، نەچچە 10 مو يەرگە سوزۇلغان مېۋىلىك باغلىرىمىز بار ئىدى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى يولداش پېڭ دېخۇەيگە قىسقىچە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خۇرسەن بولغان ھالدا:

— ئوبدان ئىشلەپسىلەر. ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىدا زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، ئىنقىلاۋىيلىشىش قۇرۇلۇشىنى تۇتماي بولمايدۇ. ئارمىيىمىز 30 يىلغا يېقىن تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە بىر نەچچە خىل ئارمىيە تۈرى ۋە ئەسكىرىي تۈرگە ئىگە قوشۇلما ئارمىيىگە ئايلاندى، زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېكىن كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ تەلىۋىدىن قارىغاندا تەلەپتىن تېخى يىراق، شۇڭا تەلىم - تەربىيىنى، بولۇپمۇ بىرلەشمە ئارمىيە تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش زورۇر. جاپاغا چىداپ قاتتىق مەشق قىلىپ، ھەربى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللەش كېرەك. كادىرلار ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى لازىم. تەلىم - تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ماددى تۇرمۇشنى ياخشىلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلىلا كەمبەغەل، شۇڭا ھەممە ئىشتا دۆلەتكە تايىنىۋالغان بىلەن بولمايدۇ. ئۆز

گۆچىگە تايىنىپ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىسمىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، دولەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ناھايىتى ياخشى چارە. يەرلىك ئاممىنىڭ يەر، سۇ، يايلاقلىرىغا ئورتاق بولۇۋېلىشقا بولمايدۇ. خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولغان ئىكەنمىز، خەلق مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز لازىم.

يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ پارتىيىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ شانلىق ئەنئەنىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئاساس قىلىنغان مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمدا ئىسسىق قانلىرىم ئۇرغۇپ، تەپەككۇر قۇشلىرى خىيالىمنى تورۇپ يۈز مىلىيونلىغان نامرات خەلقىمىز ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئىچىدە ئوتكەن قانخور ئوتمۇشكە ئېلىپ كېتەتتى، تۇرۇپ يىللارنى يىلغا گۈللەپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە مەپتۇن قىلاتتى. كاللامدا: «خەلقىمىز يولداش پېڭ دېخۇەيدەك يىراقنى كورەر، دانا، كويۇمچان، خەلقپەرۋەر رەھبەرلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار ئوتمۈشتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش يىللىرىدا خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش يولىدا باش كېتىشتىن، قان ئېقىشتىن، كۆرمىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قورقماي، ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇشمۇ تۇشتا جەڭ قىلىپ، ئاخىرى خەلق

نىڭ زېمىنىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىغىدىكى يېڭى
جۇڭگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئەسىرلەر بويى قۇل ئورنى-
دا ئىشلەپ كېلىۋاتقان يۈز مىليونلىغان جاپاكەش خەلق
بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. خەلق
ئازاتلىققا ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار
يەنە پۈتۈن زېھنى كۈچىنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپ-
تۇرۇش، ئارمىيىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، خەلقنى
پاراۋان قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قىلىۋات-
دۇ. بۇلار ھەقىقەتەن ئالىجاناپ ئادەملەر ئىكەن»، دېگەندەك
پىكىرلەر كەينى كەينىدىن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ يېنىدا تۇرغان ۋاقتىم
گەرچە ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەمتەر،
كىچىك پېئىللىغى، ئاددى - ساددا، مۆلايىملىغى، چىقىش-
قاقلىغى، چوڭقۇر پىكىرلىكلىگى مېنى قاتتىق
تەسىرلەندۈردى.

ئۇنىڭ ئاددى ۋە رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان
ئىشخانىسى ئادەمگە ھېچقانداق سىرلىق تۇيۇلمايتتى.
مەن يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بىر-
دەمدىن كېيىنلا ئىشخانىغا كىرىشتىن ئاۋالقى مەندە كۆ-
رۈلگەن جىددىيلىشىش ئالامەتلىرىدىن قىلچە ئەسەر قال-
مىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر مەسىلىنى تەپسىلى سورىشى،
مېنىڭ دوكلادىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى ۋە مۆلايىملىق

بىلەن قىلغان چوڭقۇر مەنىلىك سوزلىرىدىن بىر خىل ئالىجاناپ خىسلەت چاقناپ تۇراتتى.

يولداش پېڭ دېخۇەي ئاخىرىدا:

— شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن قىسىم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە تىلەكداشمەن، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن خوشلىشىشقا قولىنى ئۇزاتتى. مەنمۇ ھەربىيچە سالامدىن كېيىن:

— يوليورۇقلىرىڭىزنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجە يارىتىمەن، — دەپ ۋەدە بەرگىنىمچە، مارشالنىڭ قولىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىڭ سىقىپ خوشلىشىپ، ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتىم بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

ئىشىك تۈۋىگە چىقسام، مېنى باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ھەربىي يولداش پىكاپتا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پىكاپنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشى بىلەن تەڭ پىكاپقا چىقىپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن مېھمانخانىغا قايتتۇق. يول بويى يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ تەبەسسۇم چىرايى كوز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ئېغىز سوزى خۇددى يىپقا تىزغان مارجاندەك كوز ئالدىمدىن بىر بىرلەپ ئوتۇشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا مەن بىلەن پىكاپتا بىللە كېتىۋاتقان ھېلىقى ھەربىي يولداش مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— خېلى ئۇزۇن سوزلەشتىڭلار، — دېدى.

— ھە شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوزىگە جاۋاۋەن، — بۇگۈن مىليونلىغان ئارمىيگە قوماندانلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا ئۇچمەس توھپىلەرنى قوشقان پېڭ دېخۇەيدەك ئاتاقلىق رەھبەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغىنىم ئۈچۈن ئوزەمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ ئاقساقال بۇگۈن نۇرغۇن مۇھىم يولىورۇقلارنى بەردى. بۇ، بىز ئازسانلىق مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرى ئۈچۈن ئىلھام. مارشال پېڭ دېخۇەي نىمە دېگەن كىچىك پېئىل، چىقىشقاق ئادەم - ھە!

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ئۇ سوزۇمنى تەستىقلاپ، مېنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئۇ كىشىنىڭ قەيەردە، نىمە خىزمەت قىلىدىغانلىغىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەربى ئۇنىۋانىدىن پولكوۋنىك ئىكەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى، — بىز جۇڭخۇا مىللىتى پېڭ دېخۇەيدەك ئەقىل - پاراسەتلىك، قەيسەر، مېھرى - شەپقەتلىك مارشاللارغا ئىگە بولغانلىغىمىز ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ يېنىدا ئىلگىر - كېيىن بولۇپ ئىشلىگەن خىزمەتچى خادىملاردىن ئۇنىڭدىن رازى بولمىغىنى، تەسىرلەنمىگىنى يوق. ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تەڭ - باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىنتايىن كويۇنىدۇ، ئوزىنىڭ ئەمەلىي

ھەرکىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ مارشالنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولدى. مەن پۈتۈنلەي شۇ ئاقساقالنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم دېيىشكە ھەقلىقمەن. ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئىسىل خىسلەتلىرى مېنىڭ ئالغا بېسىش يولۇمنى يورۇتۇپ كەلمەكتە.

قىزغىن پاراڭ ئىچىدە تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي قېلىپتىمەن. پىكاپتىن چۈشكەندىن كېيىن مەن پولكوۋنىكنى ياتاققا كىرىپ بىر ئاز پاراغەتلىنىپ قايتىشقا تەكلىپ قىلسام، ئۇ يەنە قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ھوزۇر قويۇپ كېتىپ قالدى. ھاياجانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانا ئالدىدا ئەتراپقا قاراپ بىردەم تۇردۇم — دە، جىددىي بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك بولۇپ، دەرھال ياتاق بولۇمىگە قايتىپ چىقىپ، ھەربىي كەمەرنى يېشىپ، شەپكە ۋە چاپانلىرىمنى ئىلغىغا ئېلىپ قويۇپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە سائەتتىن بۇيانقى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، مارشال پېڭ دېخۇەي بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكى تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ۋە ئۆزەمنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۇسۇپ يېتىلىش تارىخىمنى، قىسمىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى ئەسلەپ، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا پېتىپ

كەتتىم. يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ تەبەسسۇم چىرايى، ئاتىلارچە قىلغان مېھىر - شەپقەتلىك سۆزلىرى، چىقىشقاق مىجەز - خۇلقى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ شىنجاڭ ھەققىدە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرى، قىسىملار قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى دانا تەلىماتلىرى خىيال دەپتىرىمدە بىر بىرلەپ ئايان بولاتتى. ئارقىدىن، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ يوليورۇقلىرىنى قىسىمدا قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ قىسىم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم ئۈزۈلمەي دەۋر قىلىشقا باشلىدى.

ئاخىرى ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مارشال پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشكەن بەختلىك مىنۇتلارنى ۋە ئۇ ئاقساقالنىڭ بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى، شۇنداقلا ئۆز تەسىراتلىرىمنى خاتىرەمگە رەتلىك يېزىپ چىقىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىسىمغا كەڭ كۆلەمدە يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدىم ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئالدى بىلەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ چىقتىم:

يۈزۈمنى ئۆپتى شاتلىق ياش سەردار قول ئۇزاتقاندا،
تىرەن ئىلھامغا غەرق بولدۇم پۈتۈن دىلدىن ھاياجاندا.
ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى گويا نەقىشتەك دىلغا گۈل چەكتى،
بەجادۇر بۇيرۇغى جاندىن، ئانا يۇرتۇمغا بارغاندا.

## 3

مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمال قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىرنەچچە كۈن ۋاقىت ئىچىدە قىسملارنىڭ زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، ئىنقىلاۋىيلىشىش جەھەتتىكى مول نەتىجىلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ بەرگەن مۇھىم يول يورۇقى ھەممىدە ئىلغار ئورۇنلارنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتتىم.

بۇ چاغ دەل پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيى ئاخىرلىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۇتمىگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلق ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسپلەردە پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ئۇلۇغ سوتسيالىستىك دولەت قۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى.

مەن شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپلا، مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارغا بۇ قېتىمقى دولەت بايرىمى كورىگىگە قاتنىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللار ۋە يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن توختىمايلا قىسىمغا قايتتىم. پېڭ دېخۇەي ئاقساقالنىڭ مېنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ، قىسىمىزغا قارىتا ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكى ھەققىدە ئۇز ۋاقتىدىلا خەۋەر بېرىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن، قىسىمدىكى يولداشلار ئالدىمغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراشتى. قىسىم ئىچى بايرام تۈسىگە كىردى. كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر ھاياجانغا چۆمۈشتى. ھەممەيلەن ئاتاقلىق مارشالنىڭ 11 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسىمغا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى.

مەن ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، قىسىمغا يېتىپ بارغان كۈننىڭ ئەتىسىلا، پارتكومنىڭ يىغىنىدا بارلىق ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم، بولۇپمۇ يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ مېنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى تەسىرلىك مەنزىرىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزگىنىمدە، يىغىنغا قاتناشقان پارتكوم ئەزالىرى يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ خىزمەتلىرى شۇنچە ئالدىراش، ۋاقتى شۇنچە قىس تۇرۇقلۇقمۇ، يەنە قىس-

مىزنىڭ ۋەكىلىنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ، قىسىم قو-
رۇلۇشى ھەققىدىكى ئەھۋالىمىزدىن دوكلات ئاڭلىغانلىقى،
جەڭچى، كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋال-
نى سۈرۈشتە قىلغانلىقى ۋە قىسمىمىزغا مۇھىم
يوليورۇق بەرگەنلىكىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ،
كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. پارتكومنىڭ
قارارى بويىچە، ئەتىسى پۈتۈن قىسىم بويىچە يىغىن
چاقىرىپ، كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەرگە بۇ قىممەت-
دۆلەت بايرىمى كۈنىگە قاتنىشىش جەريانىدىكى ئەھ-
ۋاللارنى، ئېكسكۇرسىيەدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى،
بولۇپمۇ مارشال پېڭ دېخۇەيبىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى
تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىر-
نى تەپسىلىي يەتكۈزدۈم. يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قىسمى-
مىزدىكى ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلەرگە يوللىغان ئال-
جاناپ سالىمىنى يەتكۈزگەن چېغىمدا، پۈتۈن مەيداندا
ئۇزاققا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ، مەيدان
بىر ھازاغىچە قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. يولداشلار
باشلىقلارنىڭ پايتەختتە تۇرۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي
شىمال چېگرىسىدىكى ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرىنى
ئەسلەپ تۇرغانلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان زور
غەمخورلۇق ۋە ئالغا بېسىشتىكى تۈرتكە دەپ قاراشتى.
مەيداندا ئارقا ئارقىدىن: «باشلىقلارغا سالام!»، «باش-
لىقلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز!»، «چېگرا رايونىنى

قوغداش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىمىز!» دېگەندەك شوئارلار ياڭراپ تۇردى.

يىغىندىن كېيىن، لىيەندۈيلەر، بۆلۈمچىلەر بويىچە يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ يولىيورۇقلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. گازارمىنى رەڭمۇ رەڭ پىلاكات، لوزۇنكا، ئىرادىنامىلەر قاپلاپ كەتتى. نۇرغۇن يولداشلار ھەتتا كېچىلەپ ئىرادىنامىلەرنى يېزىپ، قىسىم پارتكومىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ جاپالىق جايلاردا ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، قىسىم پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، يېقىندىن بۇيان قىسىم ئىچىدە بارلىققا كەلگەن كىشىنى خوشال قىلىدىغان بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قىسىمغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ يولىيورۇغىنى ئەمەلىي خىزمەتلەر جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە يېڭى بىر قەدەم تاشلاشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ «كادىرلار ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى لازىم» دېگەن يولىيورۇغى بويىچە، ئىشنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەمۇنىلىك ھەركىتىدىن باشلاشنى قارار قىلدى.

كادىرلار قوشۇنى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قىسمىمىز 1953 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، بىرنەچچە يىللىق تەلىم - تەربىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا، قىسمىمىزنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇرىدىن تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر قەدەر كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنى شەكىللەنگەن ئىدى. كادىرلار تەركىۋىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ، خەنزۇ كادىرلارمۇ، زىيالىي كادىرلارمۇ، ئىشچى - دىخان كادىرلىرى، ئۇرۇش يىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن كونا كادىرلارمۇ، ئازاتلىقتىن كېيىن قىسىم قۇرۇلۇشى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان يېڭى كادىرلارمۇ بار ئىدى، شۇڭلاشقا كادىرلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى، قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ھەربىي ئىستاژىدا خېلى ئوخشاشماسلىقلار بار ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ قىسىمغا قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە سۈپىتىدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش، كادىرلارنىڭ باشقۇرۇش - تەربىيىلەش قابىلىيىتىنى ئۆس

تۇرۇپ، قىسىمنىڭ ھەربىي قىياپىتى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى-
نى جانلاندۇرۇش، كادىرلارنىڭ سوز ۋە ھەركەت-
تىكى باشلامچىلىقى ئارقىلىق، پۈتۈن قىسىم-
دا تۆرتكە بولۇش مەقسىدىدە كادىرلارنى
تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق ھەمدە قىسىم مەس-
ئۇللىرى دەرس تەقسىم قىلدۇۋېلىپ، كادىرلارغا قەرەللىك
ھالدا ھەر خىل تىپتىكى كۇرسلارنى ئېچىپ تەلىم - تەر-
بىيە ئېلىپ باردۇق. كادىرلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆگى-
نىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ۋا-
قىتلا بولىدىكەن ئۆزلۈكىدىن قېتىقىنىپ ئۆگىنىش، بىل-
مىگەنىنى باشقىلاردىن سوراشتەك قويۇق ئۆگىنىش كەيپى-
ياتى شەكىللەندى. ھەربىي نەزەرىيەۋى سەۋىيىسى تۆۋەن-
رەك بولغان بىر قىسىم كادىرلار كۇرسقا قاتنىشىش بىلەنلا
قانائەتلىنىپ قالماستىن، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا
تەكرار ئىزلىنىپ، تەكرار مەشىق قىلىپ، كىتاپ يۈزىدىن
ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى ئەمەلىي مەشىققە سىڭدۈرۈپ، قىس-
قىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋال-
دى. كادىرلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي نەزەرىيە قابىلىيى-
تىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجە-
لىك كادىرلارغا قول ئاستىدىكى تارماق دۇيلەرگە دەرس
ئۆتكەن ۋە ئۇلارنى ھەر خىل تەلىم - تەربىيەلەرگە ئۇ-
يۇشتۇرغاندا، ئالدى بىلەن ئەتراپلىق ئويلىنىپ، مۇكەممەل
پىلان تۈزۈپ چىقىش، كونسپېكت تەييارلاش، ئالدىن ئۆتمەك-

چى بولغان دەرسنىڭ ئەمەلىيەتكە ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق قارارلاشتۇرغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقۇرى رەھبەرلىكنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈش، قىسىملارغا دەرس سۆزلىگەن ۋە ئەمەلىي ھەركەتلەردىن ئۈلگە كۆرسەتكەندە، قارىلارچە ئوقۇپ بېرىشنى ئاساس قىلماستىن، دەرسلەرنى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەش، جەڭچىلەرنىڭ ئىشلىشى تەلەپ قىلىنغان ھەربىر ئىشنى كادىرلار ئاۋال ئۆزلىرى ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۆگىتىش ۋە تەلىم - تەربىيىدە ئومۇمى يۈزلۈك بولۇش بىلەن نۇقتىلاردا سىناق قىلىشنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈش، ئىلغارلارنى ئۆز ۋاقتىدا تەقدىرلەش، ئارقىدا قالغانلارغا زېرىكمەي - تېرىكمەي ياردەم بېرىش، سىناق ئېلىش تۈزۈمىنى ئوبدان يولغا قويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەلەپلەرنى قويدۇق. يۇقۇرقىدەك تەلەپلەر قىسمىغا كىرگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان بەزى ياش كادىرلارغا دەسلەپتە بىر ئاز قىيىنچىلىق ھىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى جاپالىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن كونا يولداشلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىشى، يېتەكلىشى، سۆز - ھەركىتى ئارقىلىق نەمۇنە بولۇشى ئارقىسىدا، ئۇلارمۇ يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قىسىم تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى

يوليورۇغىنىڭ مۇھىم رىيال ئەھمىيىتى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيا ۋەزىيىتى ئىنتايىن تىنچسىز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تەلىم - تەربىيىنى پۇختا ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇش ھازىرلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ — يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداش، ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە گۈللەپ بېرىۋاتقان باياشات تۇرمۇشىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن تەمىن ئېتىشتە باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بۇرچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇندىن باشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارنى ئارمىيىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، 3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەتكە ئاڭلىق رىئايە قىلىش، ئاممە بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن تەقدىم قىلىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە: ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەن ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتقان جاپالىق ئۇرۇش يىللىرىدا ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە سوغۇق ئازاۋىغا چىداپ، دۈشمەننىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسى ۋە قامال قىلىشلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەلقنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرغانلىقى، ئارمىيىمىزدىكى كەڭ كوماندىرلارنىڭ ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە ئارقىدا، ھۇجۇمدا ئالدىدا، چېكىنىشتە ئارقىدا تۇرۇپ، ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ جەڭچىلەرنى قوغداپ قالغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق، تەلىم-تەربىيىدە جاپا ھېس قىلىۋاتقان بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

شۇنىڭ بىلەن قىسىم ئىچىدە ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمان، نەمۇنىچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئىنقىلاۋىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، دۈشمەننى قىرىش ماھارىتىنى جاپالىق مەشق قىلىش بويىچە ئىلگىرىدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تەسىرلىك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلار، خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، كادىرلار بىلەن جەڭچىلەر، جەڭچىلەر بىلەن جەڭچىلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىتىش بىلمىگەننى باشقىلاردىن سوراش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتىشسىزلىگىنى تولۇقلاشتەك قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. كوماندىرلار ئەمەلىي جەڭنىڭ ئېھتىياجىنى، ئەڭ خەتەرلىك شارائىتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە

يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقى
تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ رىيال ئەھمىيىتىنى ھەقىقى
تونۇپ يەتتى ھەمدە ھەرخىل ئۈنۈملۈك چارىلەرنى قوللىنىپ،
تەلىم - تەربىيىنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىنى دادىللىق بىلەن
بوسۇپ ئۆتۈپ، تەلىم - تەربىيىدە يېڭى يول ئېچىشنى
قىسىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇرۇش
تەييارلىقى ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتا
كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە دەپ قارىدى. بالـ
لىق دەۋرنى كونا جەمىيەتتە ئۆتكۈزۈپ، قىسىمغا كىر-
گەندىن كېيىن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلـ
ۋاتقان خېلى نىسبەتنى ئىگەللەيدىغان ياش كادىرلار يۇ-
قۇرىدىكىدەك بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارىلەر ۋە جانلىق
ئېلىپ بېرىلغان تەربىيىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، سىياسى
ئاڭ ۋە ھەربى سۈپەت جەھەتتە تېزلا يۈكسىلىش ھاسىل
قىلىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ غول تايانچلىرىغا ئايلىنىپ
قالدى.

قىسىمنىڭ تەلىم - تەربىيە، ئۇرۇش تەييارلىقى
خىزمەتلىرى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان ئاشۇ كۈنـ
لەردە، بىز يەنە پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى تېخىـ
مۇ ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۇرۇپ، يولداش پېڭ دېخۇەيـ
نىڭ يوليورۇقلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلەپ ئوتتۇق. يولـ
داش پېڭ دېخۇەي مەيلى ئېلىمىزنىڭ 20 نەچچە يىللىق
ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن ياكى ئازاتلىقتىن كېيىنكى

تېچلىق مەزگىللەردە بولسۇن، قىسىملارنىڭ سىياسى تە-
لىم - تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن تاشقىرى، ئۇرۇش تەي-
يارلىقى تەلىم - تەربىيىسىگىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈل
بۆلەتتى. ئۇ، ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىنىڭ بىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن داۋاملىق قىسىملارغا، ھەربى مەك-
تەپلەرگە بېرىپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ يۈزلىنىشىگە يېقىن-
دىن دىققەت قىلاتتى. يېڭىدىن ئورنىتىلغان پرولېتار-
يات دىكتاتۇرىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئارمىيە
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيتتى. بۇ
قېتىم يەنە قىسىمىمىزدىن ھەربى تەلىم - تەربىيىنى ياخ-
شى ئېلىپ بېرىپ، چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايون-
نى گۈللەندۈرۈش كۈرىشىدە يېڭى تۆھپە قوشۇشنى تە-
لەپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرى قىسمىمىزنىڭ
ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى، شۇڭا بىز يولداش
پېڭ دېخۇۋەيىنىڭ بىزدىن كۈتكەن سەمىمى ئۈمىدىنى يەر-
دە قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىمىز ئاتلىق پولك بولساقمۇ،
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كادىرلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا،
مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ مەخسۇس مەكتەپلەر-
دە تەربىيە كۆرمىگەنلىكى، خېلى كۆپ ساندىكى كادىر-
لارنىڭ ئاتلىق مەشىققە پىششىق ئەمەسلىكىنى نەزەرگە
ئېلىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا قىسمىمىزغا ئاتلىق ئۇرۇش ۋە-
زىپىسى تاپشۇرۇلسا يۇقۇرىنىڭ كۈتكىنىدەك ئورۇنلاشقا
كاپالەتلىك قىلىشتا ئالدى بىلەن كوماندىرلارنىڭ ئات-

لىق تەلىم ـ تەربىيەدىن ئۆلگە كورسىتەلەيدىغان ۋە تار-
ماق دۆيلەرنىڭ ئاتلىق تەلىم ـ تەربىيىسىگە
قوماندانلىق قىلالايدىغان بولۇشىنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ زورۇرلۇگىنى ھىس قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن
بىر قىسىم كادىرلارنى يىغىپ، قىسىمدا 3 ـ 2 ئايلىق مۇد-
دەت بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر كوماندىرلىرى كۇرسى ئې-
چىشنى لايىق تاپتۇق.

مەن ئىلگىرى ھەربىي مەكتەپتە ئاتلىق ئەسكەرلەر تەلىم-
تەربىيىسىنى بىر قەدەر سېستىمىلىق ئۆگەنگەنلىگىم ئۈچۈن
بۇ قېتىمقى كۇرسقا ئۆزەم مەسئۇل بولىدىغان بولدۇم.

قارار بويىچە، 100 گە يېقىن كوماندىردىن تەركىپ
تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلەر كوماندىرلىرى كۇرسى باشلى-
نىشتىن ئىلگىرى، مەن بۇ قېتىمقى كۇرسنى قانداق ئېلىپ
بېرىش، قايسى تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۇقتا قىلىپ
سوزلەش، ئاتلىق ھەركەتلەردىن قانداق ئۆلگە كورسىتىش
قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر ئويلاندىم.
ئاتلىق ئەسكەرلەر تەلىم ـ تەربىيىسى ئېيتماققا ئانچە
قىيىن ئەمەستەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ ئويدان ئۈ-
گەنلەشكە تېگىشلىك بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار ئىدى،
چۈنكى ئۇمۇ پۇتكۇل ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنىڭ بىر تۈرى
سۈپىتىدە قېتىقىنىپ ئىزلىنىش ۋە جاپالىق مەشق قىلىش-
نى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل پەن ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئاتلىق تەلىم ـ تەربىيەدە ئۆزۈلدۈرمەي مەشق

قىلىپ، ئاتنى ۋە ئوزىنىڭ ھەركىتىنى دائىم دىگۈدەك ئەملىي جەڭنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۆكەملەردە ئوزەمنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنى نەزىرىيە جەھەتتىن سوزلەپ كېتىشكە بىر قەدەر ئىشەنچ قىلسامىمۇ، يېقىنقى بىر نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئەملىي مەشقىنى ئۇزۇپ قويغانلىغىم ئۈچۈن 100 گە يېقىن ئادەمدىن تەركىپ تاپقان بۇ بىر «لىيەن»گە ئەملىي ھەركەتلەردىن كوڭۇلدىكىدەك ئۆلگە كورسىتەلەمدىم - يوق، دىگەن ئەندىشە كاللامنى چىرمىۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇ خىل ئەندىشىنى چىقىرىپ تاشلاپ، بۇقېتىمقى كۇرسنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن كۇرس باشلىنىشتىن بۇرۇن مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ،كۇرستا ئوتۇلىدىغان دەرسلەرنى بىر قۇر تەكرارلاپ چىقىش، بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەر ھەركىتىدىن ئۆلگە كورسىتىش جەھەتتە كوپرەك تەر ئاققۇزۇش نىيىتىگە كەلدىم - دە، كۇرەك قاشقا ئېتىمنى ئىگەرلەپ، قورال - ياراقلىرىمنى ئېسىپ، ئوزەم يالغۇز كەڭ مەيدانغا بېرىپ مەشق قىلىشنى باشلىدىم. ئەملىي ھەركەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا، ئايرىم ھەركەتلەرنى ئىشلەشتە بۇرۇنقىدىن بىر ئاز ئېغىرلىشىپ قالغانلىغىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئومۇمى جەھەتتىن ئاساسەن ئۆلگە كورسىتەلەيدىغانغا كوزۇم يەتتى.شۇنداقتىمۇ ھەركەتلىرىمنىڭ ئاتلىق ئۇستاپتا كورسىتىلگەن تەلەپلەردىن تېخى خېلى



يىراق ئېكەنلىكىنى، بەزى ھەركەتلەرنى ھەربىي مەكتەپتە
ئوقۇغان ياش ۋاقتىمدىكىدەك چاققانلىق، ماھىرلىق بىلەن
ئىشلەپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم، شۇڭا تۇ-
جۇركامنى سېلىۋېتىپ، مايكا ئۈستىگە سىمران قىلىچنى
ئېسىپ، كۆرەك قاشقا ئېتىمغا قايتىدىن سەكرەپ مىنگەن
پېتىم يەنە مەشىققە چۈشۈپ كەتتىم. بىر تال قىلىچنى تۇ-
تۇپ، ئىستانوك ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يولدىن ئاتنى
ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ئوتتۇپ، ئوڭ - سول تەرىپىمدىكى
دۈشمەننى چېپىپ يىقىتىش، جاراھەتلىنىپ يەرگە يىقى-
لىپ تېخى جېنى چىقمىغان دۈشمەننىڭ قوسىقىغا ئىگى-
شىپ تۇرۇپ چېپىش ياكى ئۈنىڭغا قىلىچ سانچىش، سول
تەرەپتىكى دۈشمەن ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ چەپپىدىن ئۆ-
زۈپ كاللىسىنى ئېلىش قاتارلىق ھەركەتلەرنى باشتىن
ئاياقچە بىرنەچچە قېتىم ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن،
ئىككى قولۇمغا ئىككى قىلىچ ئېلىپ ئىككى ياندىن چې-
پىش، گايىدا بىرتال قىلىچنى ئاغزىمغا چىشلىۋېلىپ، ئىككى
قولۇمغا ئىككى قىلىچ ئېلىپ، ئۈچ قىلىچ بىلەن چېپىش
قاتارلىق ھەركەتلەرنىمۇ قايتا - قايتا تەكرارلاپ كوردۇم.

ئاتلىق ھەركەت ئاتنىڭ ياخشى بولۇشىنى تەلەپ
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئات ئۈستىدە ھەركەت ئىشلىگۈ-
چىنىڭ ھەرقايسى ھەركەتنى ماھىرلىق بىلەن تېز ۋە جا-
يىدا ئىشلىشىنى، پەيتنى قولدا چىڭ تۇتۇشىنى، كوز، قو-
لاق قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشىنى ھەممە ئۈزۈلدۈرمەي ئۇدا بىرنەچچە قېتىم

جەڭ قىلىشقا ماھىر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن مەشق ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا، ئۇستانوكىنىڭ ئۇ بىشىدىن بۇ بېشىغىچە يۈگۈرۈپ تال چىۋىق قاداۋاتقان كانۋىيسىم ھەركەتىنىڭ جىددىيلىكىدىن ئۆلگۈرەلمەي چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا:

— يولداش باشلىق، مەشقنى باشلىغىلى خېلى بولدى، بەكلا چارچاپ كەتتىڭىز، بىردەم ئارام ئېلىۋالسىڭىز بولاتتى، — دەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

— بولىدۇ، سىنىڭ بۇيرۇغۇڭغىمۇ بوي سۇنۇشۇم كېرەك. يەنە قانداق تۈزىتىش پىكىرلىرىڭ بار، ئاڭلاپ باقاي، — دىگىنىمچە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سۇدانىمدىكى سوغۇق چايدىن قانغىچە ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۇناتتىم. ئۇ: مىنىڭ سۇدانىمدىمۇ چاي بار، — دەيتتى - دە، چاينى گۈپۈلدىتىپ تازا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، قاتتىق ئۇھ تارتىپ، باش - كوزلىرىنى قاپلاپ كەتكەن قارا تەرنى سۈرتۈشكە باشلايتتى. گايىدا مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— شاكىچىك بارچە جەڭنى مەن قىلسام، قارا سىنىڭ شۇنچە ھېرىپ كەتكىنىڭنى، — دىگىنىمدە، ئۇ:

— سىز كۆرەڭ قاشقا ئېتىڭىزنى چاپتۇرۇپ، قايناق جەڭگە چۈشكەن چېغىڭىزدا، مەن سىزگە قارشى دۈشمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ سىزدىنمۇ كوپرەك

چىپىۋاتىمەن. مەن شۇنچە كوپ دۇشمەننى جەڭگە سالمىغان بولسام، سىزنىمىنى چاپاتتىڭىز، — دەيتتى قىزىقچىلىق قىلىپ، — يولداش باشلىق، ئۆزىڭىزنى مۇنچىۋالا جاپاغا سېلىپ نىمە قىلىسىز؟ سىز پولك كوماندىرى بولغاندىكىن، ئەسكەرلەرنى تەلىم - تەربىيىگە ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئارىلاپ يۈرۈپ تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلسىڭىزلا بولمىدىمۇ!

— مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ تەلىماتى ئېسىڭىزدىن كوتىرىلىپ قالدىمۇ؟ ئۇ ئاقساقال: «كادىرلار ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشى كېرەك» دىگەن ئەمەسمىدى؟ بىز رەھبىرىي كادىرلار قىسىمنى ئوبدان تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق جاپالىق مەشق قىلىش — قىسىمنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يول باشلامچىسى. ئۆزەم ئۇچۇنمۇ ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى، — مەن مۇشۇگەپلەرنى دەۋاتقاندا، كۆرەك قاشقا يېنىمغا كېلىپ ئەركىلەپ، بەدەنلىرىمنى پۇراپ، خۇددى مەندىن بىر نەرسە تاما قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. «ھە! سېنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن-دە» — دەپلا يانچۇغۇمدىن 5 ـ 4 تال چاقماق قەننى چىقىرىپ ئالقىنىم بىلەن تۇتۇپ بەرسەم كارسىلدىتىپ يەپ بولۇپ، يەنە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئارقىدىن يەنە 2 ـ 1 تال بېرىپ: «ئەمدى بولدى، جەڭ تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، قالغىنىنى كېيىن يەيسەن» — دىيىشىم بىلەنتەك، ئۇ يەر-

بۆيەرلىرىمنى پۇراپ قويۇپ، جىم بولۇپ قالاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كانۇيىم ھەيران بولغان ھالدا:

— سىزنىڭ بۇ ئېيتقىنىڭىز يۈز ئاتقىمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان كارامەت ئەقىللىق ئات - دە، — دەيتتى كۆرەك قاشقىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— توغرا دەيسەن، — دەيتتىم مەن.

مېنىڭ ئېتىم كۆرەك قاشقا قومۇش قۇلاق،
بېشى كىچىك، غاز بويۇنلۇق يۇمران تۇياق.
كۆرگەنلەرنىڭ ئاغا زوقى كېلەر شۇنچە،
كۆكرىكى كەڭ، بېلى زىلۋا، كۆزى بۇلاق.

مىجەز - خۇلقى چوچۇپ تۇرغان جەرەندەك شاش،
مىنسەڭ ئۇچار كۆزلىرىڭدىن ئاقتۇرۇپ ياش.
دۈلدۈلمىكەن دەيسەن ئۇنىڭ چېپىشىنى،
يۈرسە ئەگەر تۇندە سىلىق چاچرىماس تاش.

ئەر يىگىتكە جۈپ قاناتتۇر ئاشۇنداق ئات،
جەڭ مەيدانى ئەمەس ھەرگىز جەڭچىگە يات.
ئۇچسام قىلىچ ئوينىتىپ مەن ئات ئۈستىدە،
ھەزىۋىمدىن دۈشمەن چېكەر دادۇ پەريات.

— بۇ قوشاقلار كۆرەك قاشقىنىڭ قەددى-قامىتى، چەبدەس - چاققانلىقى، ئەقىل - ئىدرىكىنى تازا ئوبدان سۈرەتلەپ بەردى. بۇ ئاتنىڭ ھەركىتىگە ھەيرانمەن، — دەيتتى ئۇ يەنە كۆرەك قاشقىغا مەسلىكى كېلىپ.

— توغرا دەيسەن، ئات ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەقىللىق جانىۋارلارنىڭ بىرى. ئادەملەر ئۇنى ئوبدان كۈنە-دۈرۈۋالالىسا، ئادەمگە ئوبدان قانات بولىدۇ. گەپ ئۇنى ئوبدان بېقىش، تەربىيىلەش، چېنىقتۇرۇش، ئاسراشتا، — دەيتتىم مەن، — شاكىچىك، ئوبدان دەم ئالدۇق، پارتىيىمىزمۇ بىر يەرگە باردى. قېنى دۈشمەنلىرىڭنى تەييارلىمامسەن، يېڭى جەڭگە ئاتلىنايلى.

ئۇندىن كېيىن، ئاۋالقىدەكلا كۈرەڭ قاشقىغا سەكرەپ مىنىپ، ئىلگىرىكى ھەركەتلەرنى بىر قۇر تەكرارلاپ چىققاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ:

— قېنى ئەمدى نۇۋەت ساڭا كەلدى، سېنىڭ ئېتىڭنىڭ كاراماتتىنى — بىگىسىنى كۆرۈپ باقايلى، — دىگىنىمدە، ئۇ بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بۇ سامان قوساق ئېتىم سىزنىڭ ئېتىڭىزنىڭ ئالدىدا يىپ ئىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ قانچىلىك كاراامىتى بولسۇن دەيسىز. خەقلەر بىلەن چېپىشسام دائىم مېنى ئارقىدا قالدۇرۇپ خىجىل قىلىدۇ، — دەيتتى.

— ئۇنداق دىمە، — دەيتتىم مەن، ئۇنىڭ ئېتىنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بۇ ئېتىڭ قىسىم بويىچە ئەڭ كۈچلۈك، چىداملىق ئاتلارنىڭ بىرى. قارىماسەن ئۇنىڭ كوكسىنى، ئۇيۇلتاشتەك تۇۋاقلىرىنى، كەڭ ساغرا، قىسقا بەل، ئوتتەك چاقناپ تۇرغان ئاھۇ كوزلىرىنى. بۇ ئات ئۇچقۇر بولمىغان بىلەن يىراققا چاپىدىغان

ئات، مۇنداق ئات نوۋىتى كەلگەندە قاچساڭ قۇتۇلدۇرىدۇ، قوغلىساڭ مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ.

ئازراقتىن كېيىن، «ئەمدى ۋەل تەجرۇبىكا هەركەتلىنى ئىشلەپ كۆرەمدۇق» — دېگىنىمدە، شاكىچىكتور ئېتىغا ۋەل تەجرۇبىكا ئىگىرىنى ئىگەرلەپ، ئات تىزگىنىگە ئۇزۇن تاسما چۇلۋۇرىنى ئۇلاپ، ئۇزى خامان هەيدىگەن دىخاندەك ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئاتنى دۈگلەك ئايلاندۇرۇپ چاپتۇرۇشقا باشلايتتى.

مەنمۇ مايكىچان بولۇپ، قائىدە بويىچە ئاتنىڭ مېنىشىغا پۇتۇمنى كەلتۈرۈپ، بىر قولۇمنى سوزۇپ ئاتقا يېقىنلىشىپ، ۋەل تەجرۇبىكا ئىگىرىنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، بىرسەكرەپلا ئات ئۈستىگە چىقاتتىم - دە، ئات ئۈستىدە پۇتنى ئالماشتۇرۇش، بەدەننى ئالدى ئارقىغا يۆزلەندۈرۈش، ئوڭ ياكى سول يانغا چۈشۈپ تۇرۇپ چىقىش، ئورە تۇرۇپ چىقىش، ئاتتىن ئارقا تەرەپكە موللاق ئېتىپ چۈشۈش، ئوڭ - سول تەرەپلەردىن سەكرەپ ئاتقا مىنىش قاتارلىق هەركەتلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزەمچە تازا پۇختا دىققاندەك بولۇپ، پىشانەمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلايتتىم.

— بۈگۈنكى هەركەتلىرىڭىز ئالدىنقى كۈنلەردىكى هەركەتلەردىن ئالاھىدە ياخشى بولدى، بارغانچە چاققانلىشىپ كېتىۋاتىسىز، — كانۋىيىم مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاندا، مەن ئۇنىڭغا:

ـ ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا قەيسەر ئىرادە، ئەستايىدىل روھ بولۇشى كېرەك. «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق». دېگەن سوزنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇۋاتقىنىمىزغا بىرنەچچە يىل بولدى، سېنىڭ چاققان، زېرەكلىكىڭدە گەپ يوق. بىراق تازا يېرىكلىك ئەمەسسەن، جۇر ئىتىڭ كەم. ياشلار ئوزىگە ئىزدىلەگۈلۈك. قورقۇنچاقلىقنى دوست تۇتماي، تىرىشچان، تېتىك، قەيسەر بولۇشى كېرەك. ياش ۋاقتىمىزدا كوپرەك ئوگىنىشىمىز، ئوزىمىزنى چىنىقتۇرۇشىمىز لازىم. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان سويگۇ ـ مۇھەببىتى، خەلققە بولغان ئىللىق قەلبى، تىرىشچان، باتۇر، قەيسەرلىكى بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئۇلۇغۋار غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ، يالقۇنلاپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئولمەس شېئىرلارنى يازغان. ۋەتەنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ: «ياشلىق زىلۋا بىر چېچەك... تىرىش، تىرماش، ئوگەن، ئالغا باس» دېگەنگە ئوخشاش سوزلىرى ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئوزىگە مانا شۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇپ، زەررىچە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئوگەنگەن، ھورىيەت ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان، زۇلۇم ئالدىدا باش ئەگمىگەن. ھەتتا دۈشمەن تورمىسىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ قانخور ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن، تاكى

ئاخىرقى نەپەسىگىچە كۈرەشنى توختاتمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ل. مۇتەللىپنى چىن قەلبىدىن ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىق بىلەن تولغان ئوتلۇق ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ قەۋرىسىگە گۈلچەمبىرەكلەرنى قويىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىمىز، ئۇنىڭ ھاياتى مەنىلىك ھايات. ياشلار ئۇزھاياتىمىزنى ل. مۇتەللىپتەك مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ياشلىق باھارىمىزنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىشىمىز، ئۇ ئېيتقاندەك، ئالتۇندەك چېغىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەي، قېرىغاندا پۇشايمانغا قالماسلىقىمىز لازىم.

مەن ل. مۇتەللىپ بىلەن مەكتەپداش بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن خېلى خەۋەرلىك ئىدىم. شۇڭا بەزى چاغلار داقىسىمىزدىكى يولداشلار مېنى ل. مۇتەللىپنىڭ ياشلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. مەن 23 يېشىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ل. مۇتەللىپنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان جەڭگىۋار ھاياتىنى، ئۇنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى، ئەدەبىي پائالىيەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەرگىنىمدە، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار چوڭقۇر تەسىرلىنەتتى، ئۇنى چىن قەلبىدىن ئەسلەشەتتى ھەمدە مىللىتىمىزدىن ل. مۇتەللىپتەك داڭلىق يىگىت چىققانلىقىدىن پەخىرلىنەتتۇق.

ھەر قېتىم ل. مۇتەللىپ ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، كاندۇبىيم بەكمۇ ھاياجانلانغان ھالدا:
— مەنمۇ ھاياتىمنى ل. مۇتەللىپتەك مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولىمەن، — دەيتتى. بۇگۈنمۇ يېرىم كۆنلۈك مەشقتىن كېيىن، شاكىچىككە ل. مۇتەللىپنىڭ پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ گازارمىغا قايتتۇق.
ئارقىدىنلا ئاتلىق ئەسكەرلەر كوماندىرلىرى كۆرسى باشلىنىپ كەتتى. 100گە يېقىن ئادەمدىن تەركىپ تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلەر كوماندىرلىرى جەڭ تۇلپارلىرىغا مىنىشىپ، ھەر كۈنى سەھەر چىقىپ، كەچ قايتىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇستاۋىدا كۆرسىتىلگەن ھەر خىل ھەركەتلەرنى بىر بىرلەپ مەشق قىلدى. بەزىلەر ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى ۋە ئاي يورۇقلىرىدىمۇ ئۇيقۇسىنى ئۇنتۇغان ھالدا مەشق مەيدانىدا ئاتلىق ھەركەتلەرنى پىششىقلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. مەشق مەيدانى خۇددى قايناق جەڭ مەيدانىغا ئوخشايتتى. جەڭ تۇلپارلىرىنىڭ كىشنەشلىرى، پەلەككە كۆتىرىلگەن توپا - چاڭلار ۋەيالتىراق قىلىچلارنىڭ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازى مەشق قىلغۇچىلارنىڭ ياڭراق سادالىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە تازا قىزىپ كەتكەن بىر مەيدان جەڭنى ئەسلىتەتتى.

كۇرسقا قاتناشقان كوماندىرلار يولداش پېڭ دې‑
خۇەينىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، كەلگۈ‑
سىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ۋە
ئەمەلىي تەلىم ‑ تەربىيىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇ‑
تۇپ، جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ مەشىق قىلغانلىقى ئۇ‑
چۇن پۈتكۈل كۇرسنىڭ تەلىم ‑ تەربىيە ۋەزىپىسى كۆ‑
ڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىنىپ، كۇرسنى مۇددەتتىن بۇرۇن
ئاخىرلاشتۇردۇق.

كۇرستىن كېيىن، كوماندىرلار كۇرسنىڭ تۈرتكى‑
سى ئاستىدا، قىسىم بويىچە ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا ئاتلىق
ئەسكەرلەر تەلىم ‑ تەربىيىسى باشلىنىپ كەتتى. قىسىم‑
مىزدىكى ھەر مىللەتتىن تەركىپ تاپقان كەڭ كوماندىر،
جەڭچىلەر پارتىيە 8 ‑ قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكى
ۋە مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ يولىيورۇقىنىڭ ئىلھامى ئاس‑
تىدا، تاكتىكا، تېخنىكا ھەركەتلىرى ۋە كەسپىي تارماق دۈي‑
لەر تەلىم ‑ تەربىيىسى بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئاتلىق
ئەسكەرلەر تەلىم ‑ تەربىيىسى دولقۇنىدا، پەلەكتىن
ئاشقان غەيرەت بىلەن تەر ئاققۇزۇپ مەشىق قىلىپ، يۇ‑
قۇرىدىن تاپشۇرۇلغان تەلىم ‑ تەربىيە ۋەزىپىسىنى كۆز‑
گە كورۇنەرلىك ئورۇنلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چوڭ
دەرۋازىسىنى قەتئىي قوغداشقا بەل باغلىدى.
كوماندىرلار زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەلىم ‑ تەربىيە‑
دىكى ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ، تەلىم ‑ تەربىيە

ئوبيېكتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلغان ئاساستا، ھەرقاي-
سى تەلىم - تەربىيە تۈرلىرى بويىچە دەرس تەييارلىدى.
ئەمەلىي تەلىم - تەربىيە داۋامىدا، ئۆتۈلىدىغان دەرسنى
نەزەرىيە جەھەتتىن ئەتراپلىق سوزلىگەندىن سىرت، ھەر
بىر ھەركەت ئۈستىدە ئۆلگە كورسىتىپ، جەڭچىلەرنى تە-
لىم - تەربىيىدە قەدەممۇ - قەدەم چوڭقۇرلۇققا قاراپ
يېتەكلىدى. قىسىم باشلىقلىرى دائىم ئاساسىي قاتلامغا
چوڭقۇر چوكۇپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھ-
ۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، ئىلغار تەجرىبى-
لەرنى ئوز ۋاقتىدا كېڭەيتىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى
كورسىتىپ بېرىپ تۇردۇق ھەمدە لىيەندۇيلەردە نۇقتىدا
تۇرۇپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر بىر ھەركەتتە ئۆزىمىز بىۋاستە ئۆل-
گە كورسىتىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلام تەلىم-تەربىيىسىگە
بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدۇق.

ئۇ كەملەردە قىسىم رەھبەرلىكى ئاز بولغانىنىڭ
سىرتىدا، قىسىمدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى
كوپ، قىسىملار تارقاق ئىدى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ قى-
سىم رەھبەرلىرىدىن بىر قىسمىنى ئومۇمىي خىزمەتلەرگە
يېتەكچىلىك قىلىشقا قالدۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلار
فەرەللىك ھالدا ھەر قايسى لىيەندۇيلەرگە چۈشۈپ، جەڭ-
چىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلىپ، بىرلىكتە تەلىم-
تەربىيىگە قاتنىشىپ، بىرلىكتە تاماق يەپ، بىرلىكتە

يېتىپ-قوپۇپ، قىسىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇردۇق.

بىر قېتىم مەن بىر لېيەنگە بېرىپ، بىر نەچچە كۈن لېيەن بىلەن بىرگە بولۇش جەريانىدا، لېيەنجاڭنىڭ ھەربى قىياپەت جەھەتتە ئۆزىگە دىگەندەك قاتتىق تەلەپ قويالمايۋاتقانلىقىنى، جەڭچىلەرنى باشقۇرۇش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاددى، قوپال ئىكەنلىكىنى، دەرسلەرگە پۇختا تەييارلىق قىلمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، لېيەنجاڭ بىلەن سىردىشىپ، لېيەننى يېتەكلەش جەھەتتىكى يېتەرسىز جايلىرىنى كۆرسىتىپ بەردىم ھەممە كەچقۇرۇنلىرى خېلى بىر ۋاقىتقىچە چىراق يورۇقىدا بىرلىكتە دەرس تەييارلىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسلىرىنى جەڭچىلەر قاتارىدا ئاڭلاپ، مەشق ئۈستىدە بىرلىكتە تۇرۇپ، لېيەننىڭ تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەمدە بولدۇم. تەلىم - تەربىيە ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، لېيەندىكى كادىرلار بىلەن بىرلىكتە يولداش پېڭ دېخۇەيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگەندۇق. يولداشلار: ئارمىيىمىز ھەرقايسى جەھەتلەردىن گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە باشقا ھەرقانداق ئەكسىيەتچى ئارمىيىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يېڭى تىپتىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداشتىن ئىبارەت جاپالىق ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. كادىرلارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە تەربىيىلەش ۋەزىپىمىز بار، خەلقىمىز پەرزەنت

قوشۇنغا زور ئۈمت باغلاپ، ئوز پەرزەنتلىرىنى بىزگە تاپشۇردى. ئۇلارنى خەلق كۈتكەندەك يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش مەسئۇلىيىتى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە. بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئوبدان قوغداش ئۈچۈن قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، بېرىلىپ مەشق قىلىپ، دۈشمەننى قىرىش ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىشىمىز كېرەك. «تىچلىق ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك تەر ئاققۇزغاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدا قان ئازراق ئاقىدۇ». تەلىم - تەربىيىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدىكى ئاچقۇچ — كادىرلاردا، دېگەن تونۇشقا كەلدى.

كادىرلار روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تەلىم - تەربىيىگە قوماندانلىق قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، مەزكۇر ليەننىڭ ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بارغان تەلىم - تەربىيىسىدە ناھايىتى تېزلا يۈكسىلىش بولۇپ، قىسىم بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ليەندۈي بولۇپ قالدى. باشقا ليەندۈيلەرمۇ بۇ ليەننىڭ تۈردىكىسى بىلەن ھەر قايسى دەرس تۈرلىرىدە ناھايىتى تېزلا نەلەپكە بەتتى. قىسمىمىز بويىچە كوماندىرلارنىڭ تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتىدە كوزگە كورۈنەرلىك ئۆسۈش بولدى، جەڭچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە جەريانىدىكى قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، نەتىجىسىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن بولدى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ باشقا

تەلىم - تەربىيە تۈرلىرىدىن روشەن بىر پەرقى شۇكى،
تەلىم - تەربىيىدە يالغۇز سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بولۇ-
شىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئادەمنىڭ ماھىر ھەركىتى بىلەن
ئاتنىڭ ھەركىتى ماسلىشىپ كەلمىسە، داڭلىق چەۋەنداز-
مۇ جەڭ ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالمايدۇ.
شۇڭا بىز يەنە تەلىم - تەربىيە جەريانىدا، كوماندىر،
جەڭچىلەرگە ئاتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى، مىجەز-
خۇلقى، ئاتنى كوندۇرۇش، ئاتقا يېقىنلىشىش، ئاتنى
سىلاش - تاراش، ئاتقا يۈگەن - نوختا سېلىش، يەم-
خەشەك بېرىش، ئاتنى سۇغىرىش، سۇۋۇتۇش قاتارلىق
بىر يۈرۈش ئىشلارنىمۇ پۈتكۈل تەلىم - تەربىيىنىڭ بىر
مەزمۇنى قاتارىدا تۇتۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىنقىلا-
ۋىي غەيرەتنى ئاڭلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، تەلىم - تەر-
بىيىنىڭ ئىلمىيلىكىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، بىخە-
تەرلىك ھادىسىلىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، تەلىم -
تەربىيىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا
ئۆستۈردۇق.

مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ يوليورۇقىنىڭ تۈرتكىسى
ئاستىدا، پۈتۈن قىسىم بويىچە داغدۇغىلىق قانات يايدۇ-
رۇلغان ھەربىي تەلىم - تەربىيە دولقۇنى مول مېۋە
بېرىپ، كادىر، جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي سۈپىتى ئىلگىرىكى-
دىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، ھەربىي تەلىم - تەربىيە جەريانىدا پارتىيىنىڭ

ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈپ، سىياسىي خىزمەتنىڭ قىسىملار قۇرۇلۇشىدىكى
تۈرتكىلىك رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتكوم (پار-
تىيە ياچېيكا)لارنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى
جارى قىلدۇردۇق. ھەر خىل شەكىلدىكى سىياسىي كۇرس،
كەچ كۇرس ۋە قىسىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كې-
لىدىغان پايدىلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇ-
رۇپ، 8 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىر-
لەشتۈرۈپ، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قىسىمىزغا بەر-
گەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندۇق ھەمدە
ھەر بىر مەزگىللىك تەلىم - تەربىيە داۋامىدا جەڭچى،
كادىرلارنىڭ رېيال ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىگە ئاساسەن،
«كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش» بىلەن ئەتراپلىق تەربىيە
ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە
ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىنى سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتىن كاپالەتكە
ئىگە قىلدۇق. جەڭچىلەر كىم ئۈچۈن ئەسكەر بولۇش، نې-
مە ئۈچۈن ئەسكەر بولۇش مەسىلىسىنى ئىدىيىۋى جەھەت-
تىن ئوبدان ھەل قىلىپ، قىسىمنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى
جەريانىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دە-
رىجىلىك پارتكومنىڭ ماختىشىغا ۋە تەقدىرلىشىگە سازا-
ۋەر بولدى. 1957 - يىلى 1 - ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەربى پاراتتا قىسمىمىز ئاتلىق لىيەنىنىڭ ھەربى تەلىم - تەربىيەسى بويىچە ماھارەت كورسەتتى. ماھارەت كورسەتكەن لىيەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ خىلمۇ خىل ھەركەتلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ چوڭقۇر مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى ھەمدە يۇقۇرىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

ھەربى تەلىم - تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، بىز يەنە تەلىم - تەربىيەنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش، تەلىم - تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقىغا، قىزىقارلىق، تەرتىپلىك بولۇشىغا، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۇرۇشكە دىققەت قىلدۇق. ئۇنۇملۇك چارىلەرنى قوللىنىپ، كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، قىسىمنى جاپالىق، ئەمما كۆڭۈللۈك مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كورسەتتۇق. قىسىم تۇرمۇشىدا قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن ئىلمىي باشقۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۇرۇش — قىسىمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر خىل جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلە. شۇڭا بىز تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسى قانچە ئېغىر بولغانسېرى قىسىمدا مەدەنىي، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى شۇنچە كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جەڭچى، كادىرلارنى پىلانلىق ۋە قەرەللىك ھالدا ھەر

خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە، ھېكايە ئېيتىـ
شىش، شېئىر، دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك
پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چەگـ
گىۋار تۇرمۇش ئىچىدە بولۇۋاتقان ھەر مىللەت كادىر،
جەڭچىلىرىنى قىسىم تۇرمۇشىدىن ھوزۇرلىنىدىغان، قىـ
سىمنى ئۆز ئائىلىسى ھېس قىلىدىغان، يوقىلاڭ ئىشلارنى
ئويلاپ يۈرمەيدىغان قىلدۇق. قىسمىمىزدا قانات يايدۇرۇلـ
غان تەنتەربىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ھەركەتلىرىدە
ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك جانلىق مەنزىرە بارلىققا
كەلدى. ئۇندىن باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتـ
لىرىدىن خاتىرجەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن،
قىسىم ئىچىدە قەرەللىك ھالدا جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە
خەت يېزىپ، ئۆز بالىسىنىڭ قىسىمدىكى ئىلگىرىلەش
ئەھۋالى، قىسمىمىزنىڭ ئىللىقلىقى، جەڭچىلەر بىلەن كا-
دىرلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئۇقتۇرۇپ، ئاتا - ئانىـ
لارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتۇق. قىسىمغا كەلـ
گەن ئاتا - ئانىلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ قىسىم
قۇرۇلۇشىغا بولغان پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، بالىلىـ
رىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ
تۇردۇق.

ئۆكەمەر دولىتىمىز ئازات بولغىنىغا ئانچە ئۇۇـ
زۇن بولمىغان چاغلار بولغاچقا، قىسمىنىڭ ماددىي تۇرـ
مۇشىنى ياخشىلاشتا پۈتۈنلەي دۆلەتكە تايىنىۋېلىشقا

بولمايتتى. شۇڭا بىز تەلىم - تەربىيەدىن ئېشىنىپ قال-
غان ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، قىسمنى تەشكىللەپ بوز
يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، چارۋا ماللارنى بېقىپ،
تۇرلۇك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئېچىپ، جەڭچى،
كادىرلارنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى ياخشىلىغاندىن سىرت،
ھەر يىلى دولەتكە مەلۇم ساندا ئاشلىق ۋە باشقا نەر-
سىلەرنى تاپشۇردۇق. ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ ئىگىلىك
تىكلەپ، خەلقنىڭ سېلىغىنى يەڭگىللەتكەن بۇ خىل چا-
رىمىز يالغۇز قىسمىنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا
پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۇقىرى دەرىجىلىك
ئورۇنلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭمۇ قىزغىن مەدھىيىلى-
شىگە ئېرىشتى.

يولداش پېڭ دېخۇەي مېنى قوبۇل قىلغان چاغدا،
شىنجاڭدا مىللى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش مەسىلىسنى
ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ ياخشى -
يامان بولۇشىنى قىسىم قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم مە-
سىلە دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. قىسمىمىز 11 مىللەت-
تىن تەركىپ تاپقان مىللەتلەر ئائىلىسى بولغانلىقتىن،
بۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايتتى، شۇڭا قىسىم
پارتكومى مىللى باراۋەرلىك كوزقارىشىنى پۇختا تىكلەپ،
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورپ - ئادەت، تىل - يېزىقلى-
رىغا ھورمەت قىلىش، ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرى
ئوزئارا ئۆگىنىش، ئوزئارا ياردەم بېرىش مۇھىم مەزمۇن

قىلىنغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشـ
نى پارتكومنىڭ كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈپ، مۇھىم ئىشلار
قاتارىدا تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغاندىن تاشقىرى،
يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن
بولغان ئىتتىپاقلىقنىمۇ كۆز قارىچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك
ئاسراشنى تەكىتلەپ كەلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە
ئەمەل قىلدى، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلىـ
رى داۋامىدا پارتىيىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ
يېتىلگەن كونا يولداشلار قىسمىمىزغا كەلگەندىن كېيىن،
ھەممە جاي ۋە ھەممە ۋاقىتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
سۆزلەپ، ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقـ
لىقىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، قىسىمغا چوڭقۇر
تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداقلا بىز ئاز سانلىق مىللەت
كادىر، جەڭچىلىرىنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىـ
لىشىمىزگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراپ، يېقىنـ
دىن ياردەم بېرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
قىسىم ئىچىدە خەنزۇ كادىر ـ جەڭچىلەر بىلەن ئاز سانـ
لىق مىللەت كادىر ـ جەڭچىلىرى ئۆز ئارا ئىشىنىدىغان،
ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆز ئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆز ئارا
ياردەم بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات قويۇق ئەۋج ئالدى،
مىللى ئىتتىپاقلىق گۈللىرى قىسىم ئىچىدە پورەكلەپ
ئېچىلدى. قىسىمىمىز مىللى ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بەرـ
گەنلىكتىن. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ پەرزەنت

ئەسكەرلەرنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيدىغان، ئىشىنىدىغان، دەرت - ئەھۋالىمىزغا يېتىدىغان بولدى.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ۋە پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيىسىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىسمىمىزدىن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەر قايسى قىسىملاردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتىدۇ، زور كۆپچىلىكى يەرلىك ئورۇنلارغا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلاملار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشمەكتە. مەن ھەر قېتىم شۇ يولداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇلار قىسمىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەنىلىك تۇرمۇشى ۋە ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان جانلىق مەنزىرىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىسىمدىكى جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى ئەسكە ئېلىشىدۇ. پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلەيدۇ، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە چىن قەلبىدىن تەشەككۈر ئېيتىدۇ، بىرگە ئىشلىگەن ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرىنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەرتلەر ئارا نامىڭ مەشھۇر قەيسەر ئوغلان،
قامىتىڭگە بۈيۈك تاغلار بولار ھەيران.
ۋۇجۇدۇڭغا نۇردەك سىڭىپ ئانا سۈتى،
قەلبىڭ ۋەتەن ئىشقى بىلەن سۇغىرىلغان.

بەستىڭدىكى گاڭ قورالىڭ خوپ ياراشقان،
جەڭدە ماھىر، ھەركەتلەردە ئوزەڭ چاققان،
چېكەڭدىكى بەش يۇلتۇزلۇق كاكارىڭغا،
زوقمەن بولۇپ قارا كوكتە سانسىز چولپان.

ئەلنىڭ ئىشقى ۋۇجۇدۇڭدا بولۇپ گۇلخان،
بېغىشلىدى ساڭا جۇرئەت، غەيرەت، ئىلھام.
جەڭدە ئەسكەر، قۇرۇلۇشتا قۇرغۇچى بوپ،
ئەل - ۋەتەنگە كەلتۈردۈڭ سەن زور شەرەپ - شان.

ۋەتەن - خەلقىم بەرسە ئەگەر ساڭا پەرمان،
تەييار تۇردۇڭ كوكرىڭگنى قىلىپ قالقان.
پەخىرلىنەر شۇڭا ئاق چاچ ئاناڭ سەندىن،
تاغدەك يولەك بولۇپ تۇرغاچ سەندەك ئوغلان.

مانا بۇ بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرنى پارتىيە 8-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قىسمىمىزغا بەرگەن يوليورۇغىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ۋەتەننى - خەلقنى قەلبىگە پۈكۈپ، جەسۇرانە ئىرادە تىكلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدا مۇرىنى مۇ-

رىگە تىرەپ كۆرەش قىلىۋاتقان قىسمىمىزدىكى كومانـ
دىر، جەڭچىلەرنىڭ ھەقىقى تەسۋىرىدىن بىر كورۇنۇش
دىيىشكە بولىدۇ.

# 4

1962 ـ يىل 5 ـ ئاي. يولداش پىڭ دېخۇەينىڭ تەلىمات ئۇچقۇنلىرىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، قىسمىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشى ئارقىسىدا، قىسمىمىز تۇرۇشلۇق گازارمىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپى بۈك ـ باراقسان ئورمانزارلىققا ئايلانغان ئىدى. ھەر خىل مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلىرى توت ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. رەت ـ رەت سېلىنغان ياتاق بىنالىرى، ھەر تەرەپكە تارتىلغان تاناپتەك تۈپ ـ تۈز يوللار، پاك ـ پاكىز تازىلانغان مەشق مەيدانلىرى ۋە گازارما ئالدىغا يېتىشتۈرۈلگەن گۈللەر پارقىراپ، ملتىقلىرىنى سۈيىنتىپ، جاراڭلىق جەڭ ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، قايناق مەشققە چۈشكەن باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭگىۋار ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە شات-خوراملىقتا چومگەن بايرام كۆنلىرىنى ئەسلەتمەي قالمايتتى. سىرتتىن بىرەر ئىش

بىلەن قىسمىمىزغا كەلگەن ھەر قانداق كىشى قىسقا ئۇ-
زۇن قاقاسلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىسىم دەرۋازىسىدىن
كىرىش بىلەنلا جانغا ئارامبەخش ئېتىدىغان بىر خىل
ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆڭلى يايراپ، ئىشچان
ئىككى قولى ۋە جاپالىق ئەمگەككە تايىنىپ، بۇ جايىنى
مۇشۇنداق باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرغان ھەر مىللەت
كادىر، جەڭچىلەرگە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتماي،
ئۇلاردىن سۆيۈنمەي تۇرالمايتتى.

ئۆكەملەردە قىسمىنىڭ مۇنداق قايىنام تاشقىن-
لىققا چۆمگەن جەڭگىۋار ھاياتىنى ۋە خېلى ئۇزۇندىن
بۇيان جەڭچى، كادىرلار بىلەن ئاكا - ئۇكىلاردەك
ئۆتكەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى ئويلىسام، قىسىمغا بولغان
مېھرى - مۇھەببىتىم جۇشقۇنلاپ، خۇشاللىق ھېسسىياتلىرىغا
چۆمەتتىم. بىراق قىسمىمىز شەرەپلىك جەڭ ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرۇۋېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە قىسىمدىن
ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەك يېرىم بولاتتى.
چۈنكى بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى، يۇقۇرى رەھبەر-
لىك مەن بىلەن سۆزلىشىپ، ھەربى رايوننىڭ پىيادە
ئەسكەرلەر مەكتىۋىگە يوتكىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدى.
خەلق ئارىسىدا «ئەسكەرنى مىڭ كۈن بېقىپ بىر كۈن
جەڭگە سال» دىگەن گەپ بار. پارتىيە، تەشكىل ئەجىر
سىڭدۈرۈپ مېنى شۇنچە ئۇزۇن يىل تەربىيىلەپ، مەلۇم
سىياسى ئاڭغا ۋە ھەربى ماھارەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ

ئۈستىگە تېخى يېقىندىلا ئالىي ھەربىي ئاكادېمىيىگە ئەۋەتىپ، مەخسۇس 3 يىل ئوقۇتتى. مانا ئەمدى پارتىيە، خەلقنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇغىغا ۋە تەربىيىسىگە جاۋاپ قايتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندە، قانداقمۇ شۇنچە يىللار ئىشلىگەن قىسمىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنايدۇ؟ جەڭگە جەزمەن قاتنىشىشىم كېرەك. ۋەتەن، خەلق ئالدىدا خەلق جەڭچىسى دىگەن بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپرىغىنى جېنىم بىلەن قوغدايمەن دىگەندەك ئوي-خىياللار كاللامنى چىرمىۋالغانلىقتىن، ھەر قېتىم يولداشلار بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، خۇددى سەپتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك مەيۇسلىنىش كەيپىياتىدا بولۇپ يۈردۈم. ئەسلىدە قىسمىمىز جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئالدىدا، مەن يۇقۇرىغا بۇ قېتىمقى جەڭگە قەتئى قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەلەپنامەمنى ئىزھار قىلىپ ئىلتىماس سۇنغان ئىدىم. بۇ ھەقتە تا بۈگۈنگىچە خەۋەر يوق.

پۈتۈن قىسىم ئاشۇ كۈنلەردە جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. مەن بۇرۇنقىدەكلا لىيەندۈيلەرگە چۈشۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمەتلىرىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، جەڭچى، كادىرلار بىلەن بىللە بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەندە ياتىغىمنىڭ ئىشىگى چېكىلىپ، „رۇخسەت

قىلىك»، دىگەن ئاۋاز مېنى چوڭقۇر خىيال دېڭىزىدىن
ئېلىپ چىقتى. ئارقىدىن خەۋەرچى كىرىپ كەلدى ـ دە:
ـــ سىياسى كومىسسار بىلەن ئىككىڭلارنى يۇقۇرىدىن
يىغىنغا چاقىرتىپتۇ. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا كەل-
سۇن دەيدۇ، ـــ دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
يىغىندا نىمە ئىشلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىغى ۋە مى-
نىڭ ئىلتىماسىمنىڭ تەستىقلانغان تەستىقلانمىغانلىغى
ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، ئەتىگەنلىك غىزانىمۇ ئىش-
تىياق بىلەن يىيەلمىدىم. ئۇنى ئاز دەپ تۈنۈگۈن كېچە
تازا ئوبدان ئۇخلىيالمىغانلىغىمدىن بېشىممۇ بىر ئاز ئې-
غىرلىشىپ قالغان ئىدى.
تاماقتىن كېيىن سىياسى كومىسسار بىلەن ئىككىمىز
ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قىسمىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرى
ئۈستىدە پاراڭلاشقاچ، بۈگۈنكى يىغىن توغرىلىق مولچەر
قىلىشىپ كېتىپ بېرىپ، مەن سىناق نەزىرىم بىلەن ھا-
زىرچە قىسمىدىن يوتكەلمەسلىك تەلىۋىمنىڭ تەستىقلىنىش
ئېھتىمالى توغرىلىق سىياسى كومىسساردىن پىكىر ئېلىپ
كوردۇم. ئۇ ھەر ئىككى تەرەپتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئالا-
ھىدىلىگىنى سوزلەپ، بۈگۈنكى يىغىندا بىرگەپ بولار بى-
لەن سوزىنى ئاياقلاشتۇردى. ماشىنا يېرىم سائەتتەك ۋا-
قىت ئىچىدە بىزنى قارارگاھقا ئېلىپ باردى.
يىغىن باشلاندى. يىغىندا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئور-
گاننىڭ مەسئۇلى قىسملىرىمىزغاجەك رايونىغا ئاتلىنىش

ۋەزىپىسىنىڭ رەسمىي تاپشۇرۇلغانلىغىنى، پات ئارىدا
تەيىيارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ جەڭ رايونىغا ئاتلىنىدىغانلىغىنى ئۇقتۇرغىنىدا، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ، يولۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغىنى قەتئىي ئادا قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن ئۇ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئەھمىيىتى، دائىرىسى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ۋاقىت چەكلىمىسى، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ۋەزىپىسى، جەڭ ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سىياسى كومىسسار مىينىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگە قەتئىي قاتنىشىش ھەققىدە يۇقۇرىغا سۇنغان ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلانغانلىغىنى ئۇقتۇرۇپ: «يولداشلار، پارتىيە ئەزالىرى بۇقېتىمقى جەڭدە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. يولداش ئەزىزوپ قاسىم بۇ جەھەتتە بىزگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئەسلى جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئالدىدىلا، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگان يولداش ئەزىزوپ قاسىمنىڭ ھەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە يۆتكىلىشىنى قارار قىلىپ ئۇزىگە ئۇقتۇرغان ئىدى. قىسىملىرىمىز جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ يولداش جەڭ داۋامىدا قىسىمدا تۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ يۇقۇرىغا ئىلتىماس سۇندى، يۇقۇرى يولداش ئەزىزوپ قاسىمنىڭ بۇ خىل روھىنى تەق-

دىرلىدى ۋە ئۇنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدى. مەن قىسىملىرىمىزدىكى بارلىق كوماندىر، جەڭچىلەرنى يولداش ئەززوپ قاسىمنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زىمىنىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە قاتنىشىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىشتەك بۇ خىل روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىمەن»— دىدى.

مەن جەڭگە قاتنىشىش تەلىۋىمنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خوشاللىقتىن قېين - قېنىمغا پاتماي كەتتىم ھەممە رەھبەرلىك ئالدىدا بۇ قېتىمقى جەڭدە ئارمىيىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن، قان ئاققۇزۇپ قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلارچە ئالغا بېسىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىم، خەلقىم، مىللىتىم ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

قىسىمغا قايتىۋېتىپ، يول بويى سىياسى كومىسسار بىلەن قانداق قىلىپ بۇ قېتىمقى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە قىسىمىمىزدىكى كادىر، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، جەڭ ۋەزىپىلىرىنى كوزگە كورۇنەرلىك ئورۇنلاش مەسىلىسى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ كەلدۇق.

سىياسى كومىسسار ئەمدىلا 30 نەچچە ياشقا كىرگەن، بۇغداي ئوڭلۇك، بەستلىك، يېشىغا قارىغاندا ئۆزىنى خېلىلا توختاتقان، پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك، سى-

ياسى ئاڭ سېزىمى يۇقۇرى، سەزگۈر ئادەم ئىدى. ئۇ
قىسمىمىزغا كەلگەندىن بېرى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلى-
رىنى قەتئى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، جەڭچى، كادىرلار بىلەن
زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قىسمىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە
باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىسىم قۇرۇلۇشى-
دا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتاتتى. قىسمىمىزدىكى ھەر
مىللەت كادىر، جەڭچىلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدىن مەم-
نۇن ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەشنى چىن
دىلىمدىن ئارزۇ قىلاتتىم.

بىز قىسىمغا قايتقان كۈنى چۈشتىن كېيىن پارت-
كوم يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇرىدىن قىسمىمىزغا تاپشۇرۇلغان
جەڭ ۋەزىپىسى يەتكۈزۈپ، پۈتۈن قىسىمنى جەڭگە
سەپەرۋەر قىلىش ۋە قىسمىنىڭ جەڭ رايونىغا ئاتلىنىش-
تىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە كەڭ كۆ-
لەمدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق. ئەتىسىدىن باشلاپ،
قاتلاممۇ قاتلام سىياسى سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ،
ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭ-
نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقۇرى كۆ-
تەردۇق. تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش
ئېلىپ باردۇق. شۇنىڭ بىلەن قىسىم ئىچىدە جەڭگە
قاتنىشىشنى پائال تەلەپ قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.
ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر كېچە - كېچىلەپ ئى-
رادىنامىلەرنى يېزىپ، رەھبەرلىكنى ئىزلەپ، ئۆزىمىز-

نى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە ۋەتەن،خەلق
ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە ھەر قاچان تەييار
ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. قەسەمىيات يىغىنلىرى ئې-
چىلدى. ئارقاسەپ خىزمەتلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇلىدىغان
يولداشلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ،
دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىدىغانلىقلىرىنى بىل-
دۈرۈشتى. دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كې-
سەللەر قىسمىمىزغا جەڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى
بىلگەندىن كېيىن، مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن
چىقىپ جەڭگىۋار ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئاتپوسكىغا
كېتىپ قالغان يولداشلار دەرھال قىسمىغا قايتىپ كېلىپ
جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھەربى مۇددىتىنى ئا-
شۇرۇپ ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كونا جەڭچىلەر، بۇ قې-
تىمقى جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئاندىن قىسمىدىن
ئايرىلىشنى تەلەپ قىلدى.

قىسمىمىزدىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر تو-
لۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى
بەس - بەستە تەلەپ قىلىپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋە-
تىنىمىزنىڭ مۇقەددەس چېگرىسىنى، ھەر مىللەت خەلق-
نىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ
بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا بەل باغلاۋاتقان مۇشۇنداق
پەيتتە، ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرىنىڭ ئار-
زۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، يۇقۇرىغا قىسمىمىزنىڭ

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ،
ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن شان - شەرەپ
كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىرادىنامە تاپشۇردۇق.

يولداشلار توت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان جەڭ را-
يونىغا ئاتلىنىش پەيتى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. يەر -
جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن جەڭگە ئاتلىنىش سىگنا-
لى چېلىنىش بىلەن تەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ
تۇرغان باتۇر ئەزىمەتلەر شىرىن ئۇيقۇدىن ئۆزىنى يۇلۇ-
ۋېلىپ، قورال - ياراقلىرىنى ئېسىپ، جەڭگە كېرەكلىك
بۇيۇملارنى ئېلىپ، بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا بەلگى-
لەنگەن يىغىلىش مەيدانىدا ھازىر بولۇپ، جەڭ ماشىنى-
لىرىغا رەت - رېتى بويىچە ئولتۇرۇپ، قىسىم بايرىقى-
نىڭ ئارقىسىدىن جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ، دۇنيانىڭ
ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان شىزاڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ يۈ-
رۈش قىلدى.

"بىز ئۆتمۈش كونا جەمىيەتتە ئازاپ - ئوقۇبەت
ۋە جەۋر - زۇلۇمنى يەتكىچە تارتىپ، تاڭ نۇرىغا تەش-
نا بولغان يوقسۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەر-
لىك قىلىپ، نەچچە مىڭ يىل ھوكۇم سۈرگەن كونا مۇس-
تەبىت تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئې-
لىمىز خەلقىنى ھورلۇككە ئېرىشتۈردى. بىز دەسلەپكى

قەدەمدە قۇدرەتلىك پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ئىگە بولدۇق. لېكىن جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىلەر ھامان بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دولىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش خىيالىدا بولماقتا. بۈگۈنكى كۈندە، ئەكسىيەتچىلەر ئې-لىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ئاياق ئاستى قىلىشقا پېتىنغان ئىكەن، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆز زېمىنىمىزنى جان - قېنىمىز بىلەن قوغدايمىز. پارتىيە ۋە خەلق بىزنى سىنايدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ زەپەر مارشىمىزنى مەملىكەت خەلقى ئاڭلىسۇن» دىگەنىدەك ئوي پىكىرلەر ئىسسىق - سوغاق ۋە مۇشكۇل شارائىتلاردا ئۆزىنى چېنىقتۇرغان ياش، قاۋۇل شوپۇر-لارنىڭ رول تۇتۇشى بىلەن جەڭ رايونىغا قاراپ سەپەر قىلىۋاتقان «ئازات» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىكى ھەر مىل-لەت كوماندىر، جەڭچىلىرىنىڭ كاللىسىدا ھەر قاچان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يول بويى جەڭگىۋار ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلارنىڭ شانلىق ئىش ئىز-لىرىنى ئەسلىشىپ، بەزىدە ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ، بەزىدە ئاپتوموبىللارنى ئىتتىرىپ، يىلان باغرىدەك سوزۇلغان ئەگىر - توقاي تاغ يوللىرىنى بېسىپ، پەلەك بىلەن بوي تالىشىۋاتقان داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا - مۇزلار-نى كېچىپ ئۆتۈپ، قار - شىۋىرغانلارغا بەرداشلىق بې-رىپ، كۆرمىگەن مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى



5 كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان ھەربى يۈرۈشتىن كېيىن بەلگىلەنگەن مەنزىلگە يېتىپ باردۇق.

بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭگە ئېلىپ بارىدىغان ئورنىمىز قاراقۇرۇم تاغلىرى بولۇپ، ئۇ جايلار دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز ئىدى، جەڭ بولىدىغان جايلار 5000 مېتىردىن ئاشاتتى، ھەتتا بەزى تاغ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 6000 نەچچە يۈز مېتىر ئېگىز ئىدى. ئۇ يەردە تاغلار ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا شالاڭ، كىسلاروت كەمچىل، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى زور. يىلنىڭ 4 پەسلىدە پاختىلىق كىيىمدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ. قىش ۋاقىتلىرىدا بەزىدە سوغاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەتتا تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ياز كۈنلىرىمۇ تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بولىدۇ. دائىم دىگۈدەك شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدۇ. تاغلار تىك. جىلغىلار كوپ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ. يوللارنى دائىم قېلىن قار - مۇزلار قاپلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. بەزى جايلارغا يىلدا 4 - 3 ئايلا ماشىنا قاتنىيالايتتى. تۈزلەڭلىكتىن تاققا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە ئېگىز تاغ ئەكس تەسىرىگە ئۇچراپ باش قېيىش، قۇسۇش، نەپەس قىسىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش، ئىشتەي تۇتۇلۇش ئەھۋاللىرى كورۇلىدۇ. ھەتتا تاماق يېيىشمۇ ناھايىتى قىيىن. ئاپتوموبىل راۋان قاتنىيالمىغاچقا، كوپ ساندىكى جايلاردا

پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. جەڭ ھازىرلىق جابدۇنۇشى بويىچە ماڭغاندا، تۈزلەڭلىكتە سائەتكە 5 - 6 كىلومېتىر يول يۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇ يەردە سائەتكە 1،5 - 2 كىلومېتىر يول يۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى. 400 مېتىردىن يۇقىرى تاققا يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى، چۈنكى ئارىلىقتا 10 نەچچە قېتىم دەم ئالماي بولمايتتى. تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن سۇ 75 گىرادۇستا قاينايتتى، شۇڭا بىر ۋاقلىق تاماق ئېتىش ئۈچۈن 3 - 4 سائەت ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەغمەننى سوزۇپ قازانغا تاشلىسا، ئاخىرىدا ئۇماچ بولۇپ چىقاتتى.

قىسمىمىز جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەسلەپتە تاققا چىققان چاغلاردا، تەبىئىي شارائىتنىڭ يۇقۇرقىدەك چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن يولداشلار ئېگىز تاغنىڭ ئەكس تەسىرىگە ئۇچراپ، تاماقتىن قېلىپ، جەڭگىۋار كۈچكە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىغاندا، جەڭ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئەمەس، ئۆزىمىزنى ئۈنۈملۈك تۈردە ساقلاپ قېلىشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. شۇڭا بىز بۇ خىل رىيال ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، «يېرىم نان يېگەنلەر لاياقەتلىك. بىر نان يېگەنلەر ياخشى، بىر يېرىم نان يېگەنلەر ئەلا ھېسابلىنىدۇ»، «جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇپ، ئېگىز تاغ ئەكس تەسىرىگە بەرداشلىق بېرەيلى»،

«بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئۆزى غەلىبە» دېگەندەك قىزىق بەلگىلىمە ۋە شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇنداق تەبىئىي شارائىت ئالدىدا، تاكتىكا، تېخنىكا جەھەتتىكى ماھارەتكە تايىنىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا زەربە بېرىش ئۈچۈن يۈكسەك سىياسىي ئاڭ بولۇشتىن باشقا، قەيسەر ئىرادىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، شۇڭا قىسىم پارتكومى جەڭ رايونىغا كەلگەندىن بۇيانقى ھەر تەرەپلىمە ئەھۋاللار ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئېگىز تاغدىكى جاپالىق شارائىتنى يېڭىپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىر قاتار چارە - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

«سىياسىي خىزمەت ئارمىيىمىزنىڭ جان تومۇرى».

شۇڭا بىز رىيال ئەھۋالغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن قىسىم بويىچە كەڭ كۆلەمدە سىياسىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، جەڭچى، كادىرلارنىڭ جاپالىق شارائىتقا ماسلىشىپ، جەڭگە پائال قاتنىشىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردۇق. ئارمىيىمىزنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر داۋامىدىكى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك شانلىق ئىش ئىزلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قىسىمنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردۇق، يولداشلار لەززەتلىنىپ كۆپرەك يېيەلەيدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، كۆپرەك تاماقلىنىشنى قولغا كەلتۈردۇق ھەمدە تاغنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ماسلىشىش تەر-

بىيىسنى ئېلىپ باردۇق. ئارقا - ئارقىدىن كادىرلار يىغىنى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى، تايانچلار يىغىنى قاتارلىق بىرقاتار يىغىنلارنى ئېچىپ، قانداق قىلىپ كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېزلىكتە تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق. يولداشلار: «تاغ قانچە ئېگىز، شارائىت قانچە جاپالىق بولسىمۇ، ئىرادە جەھەتتە قىلچە بوشاشمايمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قەتئىي قوغدايمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر سىقىم تۇپرىقى، ھەر بىر تال گىياسىغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، ۋەتەننى قوغداپ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا زەربە بېرىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. قىيىنچىلىق ئالدىدا چېكىنىش — ۋەتەن ئوغلانلىرى ئالدىدا نومۇس، جىنايەت. بىز چوقۇم پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئىنقىلاۋىي ئەجدادلارنىڭ روھىنى ئۈلگە قىلىپ، جاپانى شەرەپ ھېس قىلىپ، قەتئىي ئىرادە تىكلەپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننى چېكىندۈرمەي تۇرۇپ جەڭدىن قايتمايمىز...» — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن، جەڭگە كىرىش ئالدىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئېگىز تاغنىڭ جاپالىق شارائىتىغا ماسلىشىش مەشقى ئېلىپ باردۇق. يولداشلار مەشق داۋامىدا كۈندىن كۈنگە چىنىقتى، تاغنىڭ شارائىتىغا كۈندىن كۈنگە ماسلاشتى، يېڭى تاققا چىققان چاغدىكىدەك

باش ئايلىنىش، ئىشتەي تۇتۇلۇش، ماغدۇرسىزلىنىش، قۇسۇش ئەھۋاللىرى بارا - بارا ئازايدى.

ئۇرۇش تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى جىددى ئېلىشىش. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئېلىپ بارىدىغان جېڭىمىز ئومۇمى مەنىسىدىن ئالغاندا ئۆزىمىزنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئۆزىمىزنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغداش ئۈچۈن دۈشمەننى قەتئى يوقىتىش كېرەك، بۇ ئالدىنقى شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز ئىگىز تاغنىڭ ئەكس تەسىرىنى يېڭىپ، جاپالىق مۇھىتقا ماسلىشىش بىلەنلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا، ھەربى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، تاغلىق، سوغاق شارائىتتا دۈشمەننى يوقىتىش ماھارىتىنى چىنىقتۇرۇشقا، گازارمىدا ئىگەللىگەن تاكتىكا، تېخنىكا ھەركەتلىرىنى قايتىدىن پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تاققا چىقىپ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە يولداشلار جاپالىق چىنىقىش نەتىجىسىدە يېڭى شارائىتقا ماسلاشقاندىن كېيىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىسىم بويىچە ھەربى تەلىم - تەربىيە دولقۇنىنى قوزغىۋەتتۇق. بۇ قېتىمقى تەلىم - تەربىيە داۋامىدا، كوماندىر، جەڭچىلەر دۈشمەنگە بىۋاستە يۈزلىنىپ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ جەڭ قىلىش ئالاھىدىلىكى، ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى، گوماندىرلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى، پايدىلىق ۋە پايدىسىز شارائىت، يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغان ئاساستا، ھەر بىر تەلىم - تەربىيە ئوتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ مەشىق قىلدى. قىسىم باشلىقلىرى ھەر قايسى لىيەندۈيلەرگە چۈشۈپ، جەڭچى، كادىرلارنىڭ رېيال ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ئىگىلەپ، ھەر خىل پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى، بۇ قېتىمقى ئوزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئەھمىيىتى، ئالاھىدىلىكى، يولۇقىدىغان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى سوزلەپ، تەلىم - تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى بولغان ھالدا جانلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر يىلدا 4 پەسىلنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايان بولسىمۇ، بىر كۈندە 4 پەسىلنى كورۇش ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىش. قىسىمىمىز مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ تاغدا راستىنلا بىر كۈندە 4 پەسىلنى كورگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قونالغۇ شارائىتىمىز ناھايىتى ناچار ئىدى. تاڭ سۈزۈلۈپ شەرق قىزارغاندىن كېيىن، قۇياش كوتىرىلىپ، ئوزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى ھەر تەرەپكە چېچىشقا باشلىغاندا، ئادەمنىڭ كوڭلى يايراپ، سالقىن

ھاۋا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتە - ئۆتمەستىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ ئاسماندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، خۇددى چېلەك بىلەن قۇيغاندەك يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كېتەتتى - دە، ئادەم خۇددى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن يېغىۋاتقان يامغۇر بارا - بارا قارغا ئايلىنىپ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقانلىغىنى كۆرگەندە، كىشىگە زىمىستان قىشنى ئەسلىتەتتى. گۈگۈم چۈشۈش بىلەن تەڭ شىۋىرغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرەپ، قار - مۇزلار تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ، پۈتۈن تاغنى جۇدۇن - چاپقۇن قاپلاپ كەتكەندە، ئارامخۇدا دەم ئې-لىشىڭمۇ نەقەدەر مۈشكۈل بولىدىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولمىسا كېرەك.

«ساپ ئالتۇن ئوتتىن قورقمايدۇ.» قەلبى ۋەتەن، خەلققە بولغان پاك مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغان ئە-زىمەت جەڭچىلەرنى توساپ قالالايدىغان توسالغۇ يوق. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بەخشەندە قىلغان ھەر مىللەت كادىر، جەڭچىلىرى مانا مۇشۇنداق تۇغۇلۇپ كورۇپ باقمىغان جاپالىق مۇھىتتا مەشق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. جەڭچى، كادىرلارنىڭ پو-لاتتەك ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى، ۋەتەن،

خەلقىمىزگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكى ئالدىدا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرى ئېگىز تاغلار باش ئېگىپ تازىم قىلدى، قەھرىتان سوغاق يۇۋاشلاشتى، ئېگىز - پەس، مۇرەككەپ يەر تۈزۈلۈشى جەڭچىلەرنىڭ رايىغا باقتى. قەيسەر جەڭچىلەر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قورال - ياراقلىرىنى يۈدۈپ، پەلەك بىلەن بوي تالىشىۋاتقان ئېگىز تاغلارغا يامىشىشنى، قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ يېتىپ پەيت كۈتۈشنى، تاغدىن تاققا ئاتلاپ يۈرۈپ دۈشمەننى قوغلاشنى، مۇرەككەپ يەر تۈزۈلۈشىدە ھەر خىل نىشانلارغا ئېتىشنى ۋە تېخنىكا، تاكتىكا ھەرىكەتلىرىنى مەشق قىلدى. نەتىجىدە ئەسىرلەر بويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك تاغ جەڭچىلەرنىڭ ئۆز ماكانى بولۇپ قالدى.

ئۆزىنى چاغلىماي، كۈندىن كۈنگە غالجىرلىشىپ كېتىۋاتقان تاجاۋۇزچى قوشۇنلار ھوكۇمىتىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ سەۋىر - تاقەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۆزىنى بېسىۋېلىش پوزىتسىيىسىنى ئاجىزلىق، قورققانلىق، دەپ قاراپ، جۇڭگو خەلقىنى ئاسان بوزەك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلاپ، قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىمىزگە پىسەنت قىلماي، ئۆكتەملىك بىلەن 1962 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆزىمىزنى قوغداش يۈزىسىدىن چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق

ئارمىيىمىزگە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى.

ئارمىيىمىز تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس چېگرىسىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغداش يۈزىسىدىن، ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە ئاتلاندى.

جاپالىق شارائىتتا كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ داۋامىدا، قىسمىمىزدىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە ۋەتەن. خەلققە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىنى پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن قىلچە ھېساپلاشماي، ھەر خىل توسالغۇلارنى بوسۇپ ئۆتۈپ، جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا بوي بەرمەي، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قارشى باتۇر، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى.

تاجاۋۇزچى قوشۇنلار ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنى خېلى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقاچقا، چېگرىمىزدىن تەلۋىلەرچە بوسۇپ كىرىپ، مۇقەددەس زېمىنىمىز ئىچىگە ئىستىھكام، پوتەي، ئاكوپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇرۇشقا كېرەكلىك ماددى ئەشيالىرىنى يۆتكەپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن مۇستەھكەم پوزىتسىيە تۇتۇپ ياتقان ئىدى، شۇڭا بۇ قېتىمقى جەڭ ناھايىتى جاپالىق ۋە كەسكىن بولدى. ھەر قېتىم دۈش-

مەنىنىڭ مۇستەھكەم پوتەي، ئىستىھكاملىرىغا يولۇققاندا،
نۇرغۇن يولداشلار كوكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، با-
تۇرلۇق بىلەن دۇشمەنىنىڭ ئوۋۇسىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇ-
نى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتى بەدىلىگە
قىسىمنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى ئېچىپ بەردى. بەزى يول-
داشلار يوشۇرۇنۇپ پەيت كۈتۈش جەريانىدا بىر
نەچچە سائەتلەپ يېتىپ، پۇت - قوللىرى ئۇششۇپ كەت-
سىمۇ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ، ۋە-
تەن خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق
ئاقلىدى.

جەڭ مەيدانى كەڭرى، قاتناش قولايسىز بولغاچقا،
جەڭ داۋامىدا تولا يوتكىلىشكە توغرا كېلەتتى. ھەر قې-
تىم يوتكەلگەندە، قورال - ياراقلارنى ئېلىپ يۈرۈشتىن
باشقا، تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ بىللە
ئېلىپ ماڭمىغاندا، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا
تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتلار-
دىمۇ، كادىر، جەڭچىلەر قىلچە بوشاشماي، ھەتتا كۈن-
لەپ ئاچ قېلىشقا ۋە سوغاق ئازاۋىغا چىداشلىق بېرىپ،
يۇقۇرىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئورۇنلىدى. كوماندىرلار باشتىن ئاخىر جەڭنىڭ ئال-
دىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزى
ئالدى بىلەن ئاتاكىغا ئوتۇپ، جەڭچىلەرنىڭ جەڭ قى-
لىش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى. دىمەك قىسىمىمىز

كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرانە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تاجاۋۇزچى قوشۇننى غەلىبىلىك هالدا چېكىندۈرۈپ، يۇقۇرىدىن تاپشۇرۇلغان جەڭ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى هەمدە يۇقۇرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە هەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىسمايىل مەهەممەتتەك ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باهارىنى ۋەتەن ۋە خەلققە تەقدىم قىلغان نۇرغۇن قەهرىمانلىرى مەيدانغا كەلدى. هەر مىللەت خەلق ئاممىسى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ بۇ شانلىق غەلىبىسىدىن چەكسىز سۆيۈندى. جەڭ داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن قەهرىمانلار تا بۈگۈنگىچە خەلقنىڭ ئاغزىدا ناخشا، داستان بولۇپ كەلمەكتە.

## 5

ئۆزىمىزنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى ئاياقلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خىزمەت تەقسىماتى بىلەن ئۈرۈمچى هەربىي رايونىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. گەرچە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىگەن

قىسمىدىن ئايرىلغان بولسامۇ، كوماندىر، جەڭچىلەر بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى تەسىرلىك مەنزىرىلەر، بىر بىرىگە كۆيۈمچان ھەرمىللەت كادىر، جەڭچىلىرى، قىسىمنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان قايناق تۇرمۇشى گويا كىنو ئېكرانىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر بىرلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە مەيدانغا چىققان قەھرىمانلارنىڭ مەردانە ئىش ئىزلىرى ۋۇجۇدۇمغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەكتەپنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى بىلەن پەيدىن پەي تونۇشۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە كادىر، جەڭچىلەر بىلەن ئۆزلىشىپ كەتتىم. ھەرمىللەت كوماندىر، جەڭچىلەرگە ئىلىم - پەن، ھەربى تەربىيە ۋە ھەربى تېخنىكا ئۆگىتىدىغان بۇ بىلىم باغچىسى بارغانسېرى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغلار ئارمىيىمىز بويىچە ھەربى تەلىم - تەربىيە دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ، تەلىم - تەربىيە ئىسلاھاتىدىكى موجىزىلەر يارىتىلىۋاتقان، ئېلىمىزنىڭ دولەت مۇداپىئەسى كۈنسېرى كۈچلىنىپ بېرىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتىۋىمىز ھەرمىللەت كوماندىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، ئۆزەمنىڭ ئىلىم - مەرىپەت گۈلزارلىقى بولغان بۇ مەكتەپتىكى خىزمەت ئورنۇمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى،

ۋەزىپەمنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، شۇڭا مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېزدىن ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزەمگە بولغان تەلەپنى چىڭىتىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتتىم ھەمدە ئوقۇتۇش ۋە تۇرلۇك تەلىم - تەربىيە داۋامىدا كۆرسانتلار بىلەن بىرگە بولۇپ، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىر ئۇلۇش ھەسسەمنى قوشۇش قارارىغا كەلدىم.

دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ھەرساھە خىزمەتلىرى نورمال تەرتىپ بىلەن كېتىۋاتقان، ھەرمىللەت خەلقى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن پائال شۇغۇللىنىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، دۆلەتكە بالايى - ئاپەت، خەلققە بەختسىزلىك كەلتۈرگەن «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» باشلاندى. لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان پىلانلاپ كەلگەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش سۇيىقەستىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن ئىبارەت «ياخشى پۇرسەت»كە باغلاپ، ياۋۇز قولىنى ھەممە تەرەپكە سوزۇپ، ھەممە يەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ھەرساھە خىزمەتلىرىنى پالەچ ھالغا

چۇشۇرۇپ قويدى. ئۇزىنىڭ بىر ئۇچۇمۇرىتلىرى، ئاتار-
مەن - چاپارمەنلىرىنى توپلاپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقى-
لاۋىي كۈرەشنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن. خەلقىمىز ئىچىدە
يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بىر تۈركۈم پۈرولېتارىيات ئىنقى-
لاپچىلىرىنى خالىغانچە تۇتتى، سولىدى، بىكاردىن
بىكار قارىلىدى، پېپەن، كۈرەش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
زاۋۇتلارنىڭ تۈرخۇنىدا ئىس توختىدى، مەكتەپلەر تاقال-
دى، گۈللەپ ياشناۋاتقان يېزىلار كاپىتالىزمنىڭ
«بوشۇگى» قىلىپ قويۇلدى. ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم -
تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش «نوقۇل ھەربىي كوز
قاراش» دەپ قارالدى، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى،
تېخنىكىنى، كەسپىنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىش «ئاق مۇتەخەسسى-
لىشىش» ھېساپلاندى. دولەت ۋە خەلقنىڭ نورمال خىز-
مەت تەرتىۋى، تۇرمۇش تەرتىۋى، جەمىيەت تەرتىۋى
ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق كۆن-
سېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن
مەكتىۋىمىزدىمۇ ئوقۇش توختاپ، دەرسخانىلار تاقالدى.
قورال - ياراقلار ئىسكىلاتتا كىرگۈزۈۋېتىلدى،
بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»-
نىڭ پارتىيە ۋە دولەتنىڭ بىر قىسىم مۇھىم
ھوقۇقىنى ئىگەللىۋېلىشى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ
دېموكراتىك تۇرمۇشى، ئەنئەنىۋى ئىستىلى قاتتىق
ئاياق ئاستى قىلىنىپ، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرگە

ئۆۋال قىلىندى، يامان ئادەملەر ھەممە يەردە كورەڭلەپ
ئالەمنى بېشىغا كىيدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلى-
نىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاپ-
چىسى پېڭ دېخۇەي لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ قاتارلىقلار-
نىڭ باش قاتۇرۇپ پىلانلىشى ۋە كىشىگە ئېيتقىلى بول-
مايدىغان يامان نىيەت بىلەن زەھەرلىك قولىنى سوزۇشى
نەتىجىسىدە «ئەكسىلئىنقىلاپچى» دەپ قارىلىپ، بىر قى-
سىم «ئىسيانچى» لار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ، خالى-
غانچە كۆرەش، پىپەن قىلىندى، جىسمانىي جەھەتتىن دەھ-
شەتلىك خورلاشقا ئۇچرىدى، ئىنسانىي غۇرۇرى ئاياق
ئاستى قىلىندى. ھەتتا يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ يېنىدا
ئىشلىگەن، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ يول-
يورۇقلىرىنى ئىجرا قىلغان كىشىلەرمۇ پېڭ دېخۇەينىڭ
مۇرىتلىرى ھېساپلىنىپ، پىپەن ۋە كۆرەش قىلىشقا ئۇچرى-
دى، دەككە - دەشنام يېدى. گەرچە ئاشۇ كۈنلەردە
مەنمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ،
ھەر خىل تۆھمەتلەر چاپلىنىپ، بىر مەزگىل كاپىتالىزىم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدار قىلىپ قويۇلۇپ، كۆرەش، پىپەن قىلىنغان،
ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە
سېلىنغان، نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان بولساممۇ، لې-
كىن يولداش پېڭ دېخۇەيگە بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم،

مېھىر - مۇھەببىتىم ئېشىپ باردىكى، ھەرگىز سۇسلاشمىدى، ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب تورىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قوشقان ئۇلۇغ توھپىسىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغانلىقىغا، تارىخنىڭ ھامان يولداش پېڭ دېخۇەيگە ئادىل ھوكۈم قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندىم. نەزەربەنت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان كۈنلەردىمۇ يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان چاغدىكى تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى، ئۇنىڭ بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەسلەپ تۇردۇم. ئۇنىڭ يوليورۇقلىرى، ئۇنىڭ شانلىق ئۈلگىسى مېنىڭ تۇمانلىق كۈنلەردە قۇياشنىڭ قەتئىي چىقىدىغانلىقىغا، جۇت - شىۋىرغانلارنىڭ سۈرۈلۈپ گۈزەل باھارنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىشىمغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ مەردانە سوزلىرى، تەبەسسۇم چىرايى كوز ئالدىمدىن كەتمىدى.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلق „4 كىشىلىك گۇرۇھ„نىڭ بىمەنە قىلمىشلىرىغا نەپرەتلىنىپ، بۇنىداق لەنىتى كۈنلەرنىڭ پاتراق ئاياقلىشىشىنى توت كوزى بىلەن كۈتۈۋاتقان چاغدا، مەن مارشال پېڭ دېخۇەيگە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىم ۋە چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن مۇنۇ شېئىرنى يازدىم:

جاھانغا شۆھرىتىڭ مەشھۇر، ئىدىڭ داڭلىق قوماندانىم،
ئەقىل - ئىدرەك، پاراسەتتە گويا سەن بىر بۇلاق - كانىم.
ئېلىپ كەتتى سېنى بىزدىن ئەجەل ئايرىپ ۋاقىتسىزلا،
لېكىن قالدى يۈرەكلەردە بولۇپ داستان سېنىڭ نامىڭ.

ئىدىڭ بىر تاغ، گويا داڭگال بىلەتتىڭ سەن رەقىپلەرنى،
جاسارەت، غەيرىتىڭ ھەر چاغ يايراتقان قەلبلەرنى.
پۈتۈن ئۆمرۈڭ ۋەتەن - ئەلنىڭ ئازاتلىق يولىدا ئۆتتى،
زەپەرلەردىن بېرىپ سوغا ئۇزاتتىڭ قانچە يىللارنى.

ئۇلۇغ كومپارتىيەم بەرگەن ساڭا جەڭدە قىلىچ - شەمشەر،
كۆرەش يولى بىلەن ئالغا مېڭىپ توكمەك ئۈچۈن قان - تەر.
تىنىمسىز جەڭدە - يالقۇندا ئادا قىلدىڭ ۋەزىپەڭنى،
قازاندىڭ بىھېساپ شۆھرەت، لېكىن بولدۇڭ ئۆزەڭ كەمتەر.

شۇڭا بەرگەن ئىدى خەلقىم ساڭا «مارشال» دىگەن نامنى،
تالاي جەڭلەردە كورسەتكەچ باتۇرلۇق - جاسارەتنى.
ھەقىقەت - ھەقنى قوغداشتا ئۆزەڭنى ئويلىمايتتىڭ ھېچ،
كېرىپ كوكرەك، تىكىپ جاننى، ھامان قوغداپ ئادالەتنى.

خىيالىم كەپتىرى ئۇچتى بېسىپ دەل ئىككى ئون يىلنى،
كى ياد ئەتتىم قولۇم سىقىپ قوبۇل قىلغان ئاشۇ چاغنى.
شۇ چاغ بىز جەڭچى، كادىرغا بېرىپ ئىلھام - جاسارەتنى،
ئۈمىتلىك كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدىڭ كەلگۈسى مەنزىلنى.

گويا ھەربىر سوزۈڭ دىلغا بەخش ئەتكەن ئىدى كەۋسەر،
سوزۈڭدىن روھلىنىپ بولغان ئىدۇق بىز جەڭگىۋار - قەيسەر،

ئۇرانە ھىسلىتىڭ مەڭگۈ خەلق قەلبىدە ياشنايدۇ،
سېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرىڭ چېچەكلەپ ۋايىغا يېتەر.

ھامان كوكرەك كېرىپ جەڭدە - چېلىشتا باسىمىز ئالغا،
بولۇپ ۋارىس يۇرۇشلەردە ئەجداتلار قورالىغا.
قوماندانىم سېنىڭ روھىڭ ياشايدۇ بىز بىلەن بىللە،
يېتەكلەيدۇ سەپەرلەردە بىزنى چوڭ نىشانلارغا.

يولداش پېڭ دېخۇەي لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ ئەگـ
سىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھىنىڭ پاجىئەلىك زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاشۇ كۈنلەردە ئاتاقلىق رەھـ
بىرىمىز مارشال پېڭ دېخۇەينىڭ ئوبرازى كوز ئالدىمـ
دىن كەتمەدى، ئۇنى چىن قەلبىمدىن سېغىندىم. ئوز
كوڭلۇمدە: يولداش پېڭ دېخۇەيگە ئوخشاش مەشھۇر
رەھبەرلىرىمىز ۋە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرى
ئۇلۇغۋار غايىنى كوڭلىگە پۈكۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ
ئازاتلىق ئىشى ئۈچۈن ئومۇر بويى كۈرەش قىلىپ، كۈرـ
مىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن، قۇرـ
بان بولۇشتىن قورقماي، جۇڭگو خەلقىنى بېسىپ تۇرغان
3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە
ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن بارلىغىنى تەقدىم قىلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنە
ئوزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە ساـ
دىق بولۇپ، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، خەلقـ

نىڭ باياشات تۇرمۇشى، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى
ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش
ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۈ-
گۈنكى كۈندە «4 كىشىلىك گۇرۇھ»تەك بىر نىمى-
لەرنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر قىسىم ئالىي رەھبەرلىك
ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى بىلەن بۇ پىشقەدەم پرو-
لېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ،
ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى «جىنايەت»كە ئايلاندى. بۇنداق
كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ. خەلق ھامان ھەق ـ ناھەقنى
ئايرىيدۇ. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «4 كىشى-
لىك گۇرۇھ»تەك بىر نىمىلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ،
ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارنى يەر بىلەن
يەكسان قىلىپ، پارلاق نۇرىنى جەزمەن جۇڭگو زېمىنىغا قايى-
تىدىن چاچىدۇ، دەپ ئويلىدىم. دەرۋەقە يولداش پېڭ دېخۇەي-
گە ئوخشاش پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى داۋاملىق تۇر-
دە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ
تۇرغان بولسا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى ئۇن-
داق پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى، تېخىمۇ گۈللەپ
ياشنىغان بولاتتى، ئېلىمىز تېخىمۇ قۇدرەت تاپاتتى، خەلق
چىن كۆڭلىدىن رازى بولغان بولاتتى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك
ۋەتىنىمىز ئۇچقاندەك ئالغا قاراپ راۋاجلانغان بولاتتى.
تارىخ ئادىل، 1976 ـ يىل ئۆكتەبىردە، جۇڭگو كوم-

مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاخىرى خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدە 10 يىلدىن ئارتۇق ئويىنىغان رەزىل «تىراگېدىيە»سى ئاخىرلىشىپ، تارىخنىڭ ئىنسانلار يىرگىنىدىغان ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈۋېتىلدى. ئېلىمىزگە قايتىدىن گۈلباھار كەلدى، خەلق چىن كۆڭلىدىن شادىمان بولدى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىمىز ماركسىزملىق توغرا لۇشيەننى يېڭىۋاشتىن تىكلەپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭلاپ، ھەق-ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگونى يېڭىۋاشتىن شانلىق داغدام يولغا باشلىدى.

يىراق ئوتمۇشنى ئەسكە ئالسام ئۆزۈن يىللار ئوتۇپ كەتتى،
قىران ياشلىق بۇ دەۋرانىم توپاندا غەرق بولۇپ كەتتى.

قېلىپ دولقۇندا يەلكەنسىز، كېچىپ كولچەك-ئېرىقلارنى،
بوراندا تەمتىرەپ ھەر يان، چاپاقتا كوز پۈتۈپ كەتتى.

قارا بوران بىزار ئەيلەپ تىنىمسىز ھۆۋلىغان چاغدا،
جۇدۇنلۇق تۈن جاپاسىدىن بۇ باشمۇ بەك قېتىپ كەتتى.

بېشى ياغاق، چېچى پاخماق، جىنۇ ئالۋاستى بوپ ئامراق،
گاچا ھاڭراپ، توكۇر قايناپ، خۇنۇك بەزمە قىزىپ كەتتى.

شاياتۇن بەزمە ـ ھەشرىگە سامادا كوز تىكىپ تۇرغان،
نومۇسچان ئاي بىلەن چولپان مازاق ئەيلەپ كۈلۈپ كەتتى.

چېقىپ چاقماق، زېمىن تىترەپ سامانىڭ قەرىدە شۇئان،
تۈتەك تارقاپ، سەھەر چاقناپ جاھان كۈندەك يورۇپ كەتتى.

قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان بېغىم قايتا گۈلستان بوپ،
«يىغىن»① نىڭ روھىدىن چەكسىز ئېلىپ ئىلھام كۈلۈپ كەتتى.

مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە، ھەممە ساھەدە گۈللەپ ياشناش مەنزى-
رىسى بارلىققا كەلدى. ھەر ساھە خىزمەتلەر يېڭى تۈس
ئالدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى 2 يىل-
دىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە ئالغا
باسالمايۋاتقان نۇرغۇن خىزمەتلەر توغرا يولغا چۈشتى.
يولداش پېڭ دېخۇەيگە ئوخشاش پۇرولېتارىيات ئىنقىلاب-
چىلىرىغا چاپلانغان بەتنام، تۆھمەتلەر ئۈزۈل ـ كېسىل
ئىنكار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى،
خەلق چىن كۆڭلىدىن ئالقىش ياغدۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ
بۇنداق دانا قارارلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. سودا ـ سا-
نائەت، يېزا ئىگىلىك، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە بار-
لىق ساھەلەردە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان خۇشاللى-
نارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى. دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ

---

① پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتاي 3 - ئومۇم يىغىنى
كوزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇستەھكەملىنىشى سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ئىشەنچ-
لىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىپ
باردى. ئۇزۇندىن بۇيان لىن بياۋ بىلەن «4 كىشىلىك
گۇرۇھ» نىڭ دەرت - ئەلەمىنى تازا تارتقان ھەر مىللەت
خەلقى يېڭى سىياسەتلەردىن كۆڭلى يايراپ، پەلەكتىن
ئاشقان ئىنقىلاۋىي غەيرەت بىلەن يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى،
بولۇپمۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە كەڭ زىيالىيلار،
پەن - تېخنىكا خادىملىرى لىن بياۋ ۋە «4 كىشىلىك گۇ-
رۇھ» نىڭ روھىي كىشەنلىرىدىن ئازات بولۇپ، ئېلىمىزنى
4 تە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت
قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم
قىلىشقا بەل باغلاپ، قايناق بەيگىگە يېڭىۋاشتىن ئات
سالدى.

قىزىلگۈل ئىشقىدا بۇلبۇل كېلىپ گۈلشەندە يارىمغا،
خۇشاللىقتىن جېنى يايراپ سۆيۈندى لالە - زارىمغا.

بەخت گۈلشەنىدە تىنماي ئۇرۇپ خەندان ناۋا ئەيلەپ،
چاقىلداپ سايرىدى شۇندا، توكۇپ ئالقىش باھارىمغا.

دېدىكى ئۇ: «ئاشۇ يىللار قەپەزدە خۇن بولۇپ باغرىم،
تولۇپ كەتكەن ئىدى ئەتراپ مېنىڭكى ئاھۇ - زارىمغا.

ئۇرۇپ كۆكسۈمنى ھەر يانغا ئەلەمدە مەن توكۇپ ياشىم،
خۇمار بولغان ئىدىم گۈلگە، تىكىپ كۆز سەبزىزارىمغا.

غازاڭدەك سارغىيىپ كەتكەن چىرايىمنى كورۈپ شۇندا،
ئىگىپ باشىنى گۈل - غۇنچە قوشۇلغانتى پىغانىمغا.

ئۇ چاغلار سوزلىسەم ھەقنى ماڭا ئارتىپ پالاكەتنى،
ئۇجۇقتۇرماق بولۇشتى ياۋ سېلىپ سىرتماقنى بوينۇمغا.

قاباھەت خەنجىرى بىرلە يىقىتتى قانچە شەمشاتنى،
جۇدالىق ھىجرىنى سالدى ساماندەك بۇ چىرايىمغا.

زىيانداش قەستىدە ۋەيران بولۇپ مۇڭلاندى گۈلباغىم،
تىگىپ ئۇششۇك، جۇدۇن - چاپقۇن گۈلى رەنا ئانارىمغا.

دېدىمكى: «ئەي پەلەك مۇنچە ماڭا سەن بولمىغىن زالىم،
يېتەرمەن ئاخىرى بىر كۈن، قانارمەن دىل خۇمارىمغا».

چېقىپ چاقماق، چىقىپ بوران، شۇ چاغدا يەر - زېمىن تىترەپ،
سۈرۈپ مۇدھىش بۇلۇتلارنى چېچىلدى نۇر جاھانىمغا.

سۈزۈك تاڭ ۋەسلىدە چولپانسىرى باقسام خوشاللىقتىن،
قۇچاق ئاچتى كۈلۈپ خەندان ۋىسال ئەيياھى ئالدىمغا.

ئۇلۇغ كومپارتىيەم بەردى بەختىمنىڭ لەززىتىن قايتا،
ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، كېلىپ باھار دىيارىمغا.

بۈگۈن بەس - بەس بىلەن باغدا تۈمەن بۇلبۇل قانات قاقتى،
قىلىپ ئاۋازىنى تەڭكەش مېنىڭ چالغان دۇتارىمغا.

بوسۇپ بارچە توساقلارنى سەپەرگە قايتا ئاتلاندى،
خەلق يەتكەندە مەنزىلگە يېتەرمەن مەن مۇرادىمغا.

مانا بۇ شېئىرنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن
ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدا لىن بياۋ بى-
لەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زوراۋانلىق سىياسىتى ۋە
تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئاق تېررورلۇغىنىڭ
پاجىئەلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ۋەتەن زېمىنىنى
قاپلىۋالغان قارا تۇمانلارنىڭ پاتراق ھەيدىلىپ، كەڭ
ئاسماندا ھەقىقەت نۇرىنىڭ قايتىدىن جىلۋە قىلىشىنى،
بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ياق شات-خورام-
لىققا چومگەن خاسىيەتلىك باھارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يېڭىۋاشتىن ئىگىلىك تىك-
لەپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئەۋزەللىكىدىن ھەقىقى
بەھرىمەن بولۇشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا، ئىلىم -
مەرىپەت ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ 10 يىللىق
قالايمىقانچىلىقتا بىزار بولۇش ھېسسىياتى ۋە «4 كىشى-
لىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمى
يىغىندىن كېيىنكى يېڭى دەۋرگە بولغان يۇكسەك سۆيۈ-
نۇشىنىڭ ھەقىقى تەسۋىرى دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتاي 3 -
ئومۇمى يىغىنى پارتىيىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم
يىغىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئو-
رۇن ئالىدۇ. بۇ يىغىن ئېچىلغان ۋاقتى ۋە ئۇتتۇرىدا

قويغان بىر قاتار ماركسىزىملىق لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بولمىغان بولسا، مارشال پېڭ دېخۇەيگە ئوخشاش يۈكسەك ئابرويغا ئىگە پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرى ئۆزۈل - كېسىل ئاقلانمىغان، ئۇلارنىڭ نامى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن بولاتتى. ھەر ساھە خىزمەتلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندىكىدەك گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت 3 - ئومۇمىي يىغىن ئوتتۇرىغا قويغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى. بۈگۈنكى كۈننى دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى كۈنلەر دېيىشكە بولىدۇ.

نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيى ۋە 12 - قۇرۇلتاي 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. بىز ھازىرغا قاراپ كەلگۈسىگە ھوكۇم قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، قەيسەر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك جۇڭخۇا مىللىتى ئۇ-

لۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىگى-
دە، ئۇلۇغۋار غايە، جەسۇرانە ئىرادە تىكلەپ، ھەر مىل-
لەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ
كۈرەش قىلىپ، پارلاق كېلىچەك ئۈچۈن باتۇرلارچە ئال-
غا بېسىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىگى، دولەت مۇداپىئەسى
ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى جەزمەن ئىشقا
ئاشۇرۇپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دولەت قۇرۇپ
چىقالايدۇ. بۇنداق شەرەپلىك، ئەمما جاپالىق ۋەزىپىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ياشلارنىڭ زەربىدارلىق، ئاۋانگارتلىق
رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. پارلاق كېلىچەك
ياشلارغا مەنسۇپ. ياشلار چوقۇم سىياسىي - ئىدىيە جە-
ھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى
ساقلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى
نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشىمىز؛ لېيفېڭنى، جاڭخەي-
دىنى ۋە باشقا قەھرىمان، نەمۇنىچىلەرنى ئۈلگە
قىلىپ، يېڭى خىسلەت تىكلەپ، "4 بولۇش، 5 گۈزەل"
پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات-
نىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە باشلامچى-
لاردىن بولۇشىمىز؛ كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار
غايىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەن - تېخنىكىنى ئىگەللەپ،
ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى بەجانىي-
دىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇ-

رۇش قۇرۇلۇشىغا ياراملىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىش-
مىز؛ جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق روھىنى جارى
قىلدۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىس-
لىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي ئەج-
دادلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئاددىي - ساددا، كەمتەر بولۇپ،
ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىشىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن
كۆرەش قىلىۋاتقان كۈنلەردە، پېڭ دېخۇيگە ئوخشاش
پورولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى سېغىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئا-
لىيجاناپ روھى خەلقىمىزنىڭ تۇسقۇنلارنى يېرىپ، با-
تۇرلارچە ئالغا بېسىشىغا مەڭگۈ تۈرتكە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ
پارلاق ئوبرازى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

× × ×

3 - ئومۇمى يىغىن ئېچىلىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن،
خىزمەت بىلەن بېيجىڭگە بېرىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بول-
دۇم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، “مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى”
داۋامىدا ئېغىر جاراھەتلەنگەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ 3 -
ئومۇمى يىغىندىن كېيىنكى يېڭى قىياپىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، پاتراق مېڭىشقا ئالدىرىدىم.

ئالتۇن كۈز، زۇمرەتتەك سۈزۈك بېيجىڭ ئاسمىنىدا
لاچىندەك پەرۋاز قىلغان ئايروپىلان بېيجىڭ ئايرودۇرو-
مىغا قوندى. ھەشەمەتلىك ئايرودۇرۇم بىناسىدىن چىقىپ،

كۆتۈپ تۇرغان مەخسۇس پىكاپقا چۈشۈپ، نەمەخۇش يو-
پۇرماقلار بىلەن بېزەلگەن كەڭ ئارچىزارلىقنى بېسىپ،
شەھەر رايونىغا يېقىنلاپ باردۇق.

ئەنە بېيجىڭ!

پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھى بىلەن چەكسىز
ھاياتىي كۈچكە، نۇرانە ئۈمىتۋارلىققا چومگەن ئۇلۇغ ۋە-
تىنىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختى.

بېيجىڭ خۇددى تولىگەن، قۇرامىغا يەتكەن گۈ-
زەلدەك ياسانغان بولۇپ، ئاسفالىت يوللار زامان ئۇتۇق-
لىرى بىلەن ئېپتىخارلىنىپ ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.
قەۋەتلىك يولدىن ئوتۇپ شەھەر رەستىسىگە كىرگىنىمدە،
ئاسمانغا بوي سوزغان زامانىۋى بىنالارنىڭ قەدىمقى پاي-
تەختكە يېڭى ھوسۇن قوشقانلىغىنى كوردۇم.

ئەنە بېيجىڭنىڭ غورۇرى — چاڭئەنجيې كوچىسى.
تيەنئەنمېن مەيدانىدىن ئوتكىنىمدە، پۈتۈن قەلبىم پار-
تىيە ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت تۇيغۇ-
لى ئىللىق ھاياجانغا تولدى.

مېھمانخانا بىناسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بىر توپ
كونا دوستلار بىلەن ئۇچراشتىم...

تاڭسەھەر، پايتەخت ئاسمىنىدا زەر قۇياش جىلۋىسى.
مېھمانخانا بالكونىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاش-
لىغىنىمدا، بېيجىڭنىڭ يېڭى قىياپىتى مېنى ئوزىگە مەھ-
لىيا قىلىۋالدى. ناتونۇش كوپ قەۋەتلىك زامانىۋى بى-

نلار ئارىسىدىن قەدىمقى بەيتا مۇنارىسىنى، چيەنمېن، تيەنئەنمېن، دىئەنمېن دەرۋازىلىرى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ھەربىي مۇزېيى بىناسىنى، مىللەتلەر سارىيى بىناسىنى، ئارچا يوپۇرماقلىرى قاپلاپ تۇرغان بىر قانچە تونۇش مەھەللىلەرنى بايقىۋالدىم.

بۈگۈنكى مەشغۇلات ئېنىق بولسىمۇ، كېلىدىغان دوستلىرىمنى كۈتۈپ تۇرغان مۇشۇ قىسقىغىنا دەقىق ئىچىدە، ئىمىشكىدۇ، قەلبىمنىڭ تېگىدىن كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان يۈكسەك بىر تۇيغۇنى يوشۇرالمىدىم، قانداقتۇ بىر ھاياجانلىق تۇيغۇسى — خۇددى ئەينى چاغدا مارشال پېڭ دېخۇەي قوبۇل قىلماقچى بولغان ۋاقىتتىكى تۇيغۇ قايتا ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىماقتا. خىيالىمدا ئۆزەمنى مارشال پېڭ دېخۇەي تۇرغان قورا غايىپقىنلاشقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم، مانا ئۇنىڭ كابىنتى، مانا ئۇنىڭ سالاپەتلىك قەددى ـ قامىتى ...

كۈنۈپكا ئاۋازى مېنى جىددىيلاشتۇرۇپ قويىدى. قوڭغۇراق قايتا جىرىڭلىغاندىن كېيىنلا مەن ئىشىكنى ئېچىشىم لازىملىغىنىنى ھېس قىلدىم.

شۇنداق، مارشال پېڭ دېخۇەي ھايات، ئۇنىڭ روھى بىزنىڭ قەلبىمىزدە، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئېسىمىزدە، ئۇنىڭ غايىسى ئۇلۇغ پارتىيىمىز باشلىغان غالىبلارچە شانلىق يۈرۈشنىڭ تارىخىي زەپەر تەنتەنىلىرىدە.

1983 - يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

元帅的教诲
•
（维吾尔文）
艾孜左夫·哈斯木著
责任编辑：贺加克
责任校对：伊布拉音
新疆青年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行
新疆七二二〇工厂印刷
787×1092毫米 32开本 3.375 印张
1984年5月第1版 1984年5月第1次印刷
印数：1——5,200
统一书号：M10124·97 定价：0.26元

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىملەرلى
مەمەت ئايۇپ ئىشلىگەن

14/87